
ISSN1004—3829

# ميراس



MIRAS

4

1994

ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى
ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى

نەشر قىلدى

ISSN 1004-3829
12>
04 382003



ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى

مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

قەييۇم تۇرسۇن فوتوسى













# مىراس

(پەسىللىك ژۇرنال)

1994-يىل

4-سان

(ئومۇمىي 34-سان)

ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ

20-كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ


## مۇندەرىجە

### ئۆزۈمنىڭ يۇرتۇمدا


ئادەم بىلەن شەيتان ...... توپلىغۇچى: يۈسۈپ ئۆمەر (1)
ئەل قىساسى مىنەلھەق ...... توپلىغۇچى: سېيىت زۇنۇن (46)
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە ...... توپلىغۇچى: ئابدۇرېھىم ئېلى (59)
چىلى بىلەن دىۋە ...... ئوسمانجان مۇھەممەت (61)


### ئايدىڭ كېچىلەر


يول ھەققىدە نەزمە ...... توپلىغۇچى: مامۇت غازى (5)
ئىلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى ...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرھات ئەزىم (27)
كەلمىگىندەك مېنىڭ يارىم ...... (58)
دەردىم بار، داۋايىم يوق ...... توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (63)
مىراجىخان ...... توپلىغۇچى: ھەسەن ھۈسەن (62)
ئىسلام بېگىم ...... توپلىغۇچى: ئايشەم ئەخمەت (72)


### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ۋېنگىر خەلق چۆچىكى «ئاق ئات ئوغلى» بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ خەلق
چۆچەكلىرىنىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇش ...... ئىسابېللا خالىۋات (ئامېرىكا) (7)
«دەرد-داغ» مۇقامى توغرىسىدىكى قىسقىچە مۇلاھىزە ......
...... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان، ئابلەق ئاۋامسلىم (23)
فولكلور ۋە زامان، ماكان، شارائىت توغرىسىدا ...... قەلبىنۇر مۇھەممەت (32)
ئىپتىدائىي پېرخونلۇق ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان تەسىرى ...... راھىلە داۋۇت (39)

## كۈلكە [illegible]

كۆسەي قاشلىق ۋاپادار .......................... توپلىغۇچى: مەتىمىن قۇربان (17)

## بىلىمىز سىز دەرەخ بولماس

ھەزرىتى لۇقمانى ھېكىمنىڭ كۆيئوغلى .............................. توپلىغۇچى: رازىق (21)
«قىرمىش ئاتام مازىرى» دېگەن سۆزلۈك سۇ ۋە ئورمانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى
رىۋايەت ....................................... توپلىغۇچى: ئابدۇراخمان مامۇت (16)

## بولۇ ماكسا ئىز قالار

11-ئەسىردىكى ئۇلۇغ فولكلور پېشۋاسى مەھمۇت قەشقەرى ........ يار مۇھەممەت تاھىر (49)

## ئاتىلار سۆزى

ماقال-تەمسىللەر .............................................. توپلىغۇچى: سۇلتانەم (4)
ماقال-تەمسىللەر ................................................................. (22)

## ئادەت قىرىنماس

قۇمۇل تاغلىقلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى ............................ ئېلى ئىسمايىل (73)

## ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە ئۇچۇرلار

ئىلى ۋىلايىتى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ... (82)
ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا تاشلانغان زور بىر قەدەم
.................................................................. ئوسمان سېلىم (83)
ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئون ئىككى مۇقام ۋە
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن 11-ئايغا قەدەر 1مىليون يۈەن ئىئانە
توپلاپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى ................................ ئوسمان سېلىم (90)
ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر 14 پارچە كىتاب ئالىم، مۇتەخەسسىلەرنىڭ كۆرۈپ
چىقىشىغا تاپشۇرۇلدى ........................................ ئىلھام جاپپار (91)

## ئادەم قولاقنى سەمرەر

ئۈرۈمچىدە «ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى ..................... (92)

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن زىلال
مەسئۇل مۇھەررىر: ۋاھىتجان ئوسمان

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

مەتىمىن يۈسۈپ (تەتقىقاتچى)، قەييۇم تۇردى (بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى)، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (تەتقىقاتچى)، ئىبراھىم مۇتئىي (تەتقىقاتچى)، ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)، شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)، ئابلىمىت سادىق (ئالىي مۇھەررىر)، ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)، قادىر ئەكبەر (تەتقىقاتچى)، مەتروزى تۇرسۇن (بىرىنچى دەرىجىلىك كومپوزىتور)، ياسىن زىلال (مۇھەررىر)، راھىلە داۋۇت (ماگىستىر)

# ئادەم بىلەن شەيتان

رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇرلەركى، ۋەقتىكى ئىبلىس (شەيتان) ئاللانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئەرشئەلادىن رويى زېمىنغا تاشلىنىپتۇ ۋە پېشانىسىگە قەھرى-غەزەپ تامغىسى بېسىلىپتۇ. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ جەننەتتىن قوغلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئۇل زامانلاردا شەيتان ئەرشتە پەرىشتىلەر، مالائىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شەيتان ئەرشكە چىقىپتۇ. شەيتان ئەرشنىڭ دەرۋازىسىدا مۇئەككىل مالائىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئەي مالائىكىلەر، پەرىشتىلەر، ھەممىڭلار جەم بولۇڭلار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، مەن بۈگۈن بۇ يەرگە رەببىل ئىززەتكە (ئاللاغا) ئەرز قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. مېنىڭ ئاللاغا بىر قانچە سوئالىم بار. سوئالىمغا قۇلاق سېلىڭلار! — دەپتۇ.

پەرىشتىلەر بۇ دەھشەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال قېچىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام بېشىنى سەجدىگە قويغانىكەن.

— ئەي ئىلاھىم، ھەر كىمدىن ھىكمەتنى سورىماق راۋامۇ؟ — دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام، — مەن شەيتاننىڭ سوئالىدىن بىزارمەن.

شۇ چاغدا ئاللادىن نىدا كەپتۇ:

— ئەي مەلئۇن، سوئالىڭنى سورا! شەيتان ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام ئالدىدا ئەيمەنمەي تۇرۇپ، ئاللاتائالاغا مۇنداق يەتتە سوئال تاشلاپتۇ:

— بىرىنچى سوئالىم شۇكى: ئى خۇدا، سەن مېنى ياراتتىڭ، بۇ بابتا سەن مېنى مېنىڭ خاھىشىمچە ياراتتىڭمۇ؟ لېكىن، بۇ بابتا ماڭا ئىختىيار يوق. مېنىڭ مەۋجۇت بولمىقىم سېنىڭ ئىختىيارىڭ بىلەن ئىدى. ئەگەر مېنى خالىمساڭ نېمىشقا ياراتقانىدىڭ؟

— ئىككىنچى سوئالىم شۇكى: سەن مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئادەمنى بولسا تۇپراقتىن ياراتتىڭ. ئوت بىلەن تۇپراق ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر نىزا-ئاداۋەت يوق ئىدى. ئادەمنىڭ نېسىۋىسىدە مېنىڭ ھەققىم يوق ئىدى، مېنىڭ ماكانىمدىن ئادەمنىڭ تەمەيى يوق ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەتمۇ يوق ئىدى. سەن نېمە ئۈچۈن ئارىمىزغا ئاداۋەت پەيدا قىلدىڭ؟

— ئۈچىنچى سوئالىم شۇكى: ئادەمگە بېھىشتىن جاي بەردىڭ، مېنى يەر يۈزىگە سەرگەردان قىلدىڭ. مەن بېھىشنىڭ ئىشىكىگە باردىم ۋە ئۇ يەرگە كىرىشنى مەقسەت قىلدىم. بېھىشكە كىرىپ، ئادەمگە ۋەسۋەسە سېلىپ، ئۇنى گۇمران قىلىشنى، ئۇنىمۇ ماڭا ئوخشاش جازاغا ئۇچرىتىشنى قەست قىلدىم. سەن شۇ چاغدا مېنىڭ مەقسەت-مۇددىئايىمنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بېھىشكە كىرىشىم ئۈچۈن ئىجازەت بەردىڭ؟

— تۆتىنچى سوئالىم شۇكى: مەن بېھىشكە كىردىم، لېكىن، ئادەمگە ۋەسۋەسە سالماقچى بولغان سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئادەم مېنىڭ ياغلىما سۆزۈمگە ئىشەندى. سەن نېمە ئۈچۈن ئادەمنى مېنىڭ مۇددىئايىم بويىچە، غايىۋانە سۆزۈمگە ئىشەندۈردۈڭ؟ نېمە ئۈچۈن تەخت ئالدىدا بۇغداي دەرىخىنى ئۈندۈردۈڭ؟ بۇلارنى قىلدۇرماسلىق سېنىڭ قولۇڭدىن كېلەتتىغۇ؟

— بەشىنچى سوئالىم شۇكى: مەن سېنىڭ ئالدىڭغا زامان تەلەپ قىلىپ باردىم، سەن ماڭا زامان بەردىڭ. ئەگەر سەن مېنىڭ ئادەم بالىسىغا گۇمراھلىق قىلىشىمنى خالىمىغان بولساڭ، شۇ چاغدا سەن نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرۈپ يوقلا قىلىۋەتمىدىڭ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، مەنمۇ ئادەم ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە سېلىشتىن مەھرۇم ۋە ئامان قالغان بولار ئىدىم، ئۇلارنىڭ تاپا-تەنىلىرىدىن خالاس بولار ئىدىم. نېمىشقا ماڭا زامان بەردىڭ؟

— ئالتىنچى سوئالىم شۇكى: سەن ماڭا تاكى قىيامەت قايىم بولغۇچە ئادەم بالىسىنى گۇناھكار قىلىپ تۇرۇشۇمغا پۇرسەت بەردىڭ. مەن ئۇلارغا چوڭ-كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلغۇزدۇم. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ساڭا ھېچقانداق زەھىرى، ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىدىن ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى گۇناھى سەۋەبلىك دوزاخقا ياكى ئىبادەتلىرى سەۋەبلىك بېھىشكە كىرىشكە ئەمىر قىلماي، بەزىلىرىنى بېھىشكە، بەزىلىرىنى دوزاققا كىرىشكە ئەمىر قىلدىڭ؟

— يەتتىنچى سوئالىم شۇك: گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىدىن سېنىڭ ئاستانەڭگە قىلچە زەخمەت يەتمەيدۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئىبادەتلىرىدىنمۇ بى ئېھتىياجسەن. ئۇنداق ئىكەن، سەن نېمە ئۈچۈن يەنە دوزاخنى ياراتتىڭ؟ ئادەملەرنى ئەمىر قىلىپ دوزاخقا كىرگۈزۈپ ئازابلاشتىن مەقسىتىڭ نېمىدۇر؟

شەيتان ئاللادىن سوئاللىرىنى سوراپ بولۇشىغا، ئاللادىن ۋەھى كەپتۇ:

— ئەي مەلئۇن! سوئالىڭ تۈگىدىمۇ؟ سەن مېنىڭ خۇداۋەندىلىكىمنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيسەن. مېنىڭ بىھاجەتلىكىمنى تونۇمايسەن. ھەر قانداق بەندىنىڭ مەن قىلغان ھەر قانداق ئىشنى «نېمىشقا قىلدىڭ؟ خاتا بولدى» دېيىشكە ھەددى يوقتۇر. ھۆكۈم ۋە ئىرادە ماڭىلا خاستۇر. بۇ سوئاللىرىڭ ئۈچۈن ساڭا مىڭ لەنەت!

مانا شۇ سەۋەب بىلەن شەيتان-مەلئۇن ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچراپ بېشىغا لەنەت تاشلىرى يېغىپتۇ. ئاللا ئۇنى ئاسماندىن يەرگە تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ كالىلسىغا گۇمرالىق، زالالەت ئەلىمىنى سانجىپتۇ. شەيتاندىن سەل بۇرۇنراق ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، جەننەتتىن چىقىرىلغان «ھەۋۋا» بىلەن «دۇنيا» بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپتۇ، شەيتان ئۈچۈن ئىچىنى ئاغرىتىپ ھازا تۇتۇشۇپتۇ، شەيتانىنىڭ قېشىغا كېلىپ تەسەللى بېرىشىپ:

— ئەي خۇدانىڭ قەھرى-غەزىپىنى يېگەن، دەردمەنلىك شەربىتى ئىچكەن، پەرىشتىلىك ئۇنۋانى شەيتان دېگەن نامغا ئالماشقان، ئاسماننىڭ تۆرىسىدىن يەرنىڭ پايىسىگە چۈشكەن، ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇ ئازارلارغا مۇپتىلا بولغان دوستۇم، كۆڭلۈڭنى زىنھار ئاغرىتمىغىن. بىزلەر ساڭا ھەمدەم بولىمىز. ئادەملەرنى كۆپۈرلۇققا، پىتنە-پاساتلارغا دۇچار قىلايلى، — دېيىشىپتۇ.

شەيتان ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ
خۇشال بولۇپتۇ. ئۇچەيلەن بىر-بىرىگە
بەيئەت قىلىشىپ، ئادەم بالىسىنى گۇناھكار
قىلىش يولىدا قەسەم ئىچىشىپتۇ.

— مەن ئادەملەرنى تائەت-ئىبادەت
قىلىشتىن ئويۇن-تاماشا قىلىشقا دالالەت
قىلىمەن، — دەپتۇ شەيتان.

— مەن ئادەملەرگە ساھىبجامال قىز
سۈرىتىدە كۆرۈنىمەن. مەن ئۈچۈن ئۆزىنى
قۇربان قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ توغرا
يولدىن چىقىرىمەن! — دەپتۇ دۇنيا.

— مەن ئەركەكلەرنى ئۆزۈمگە
مەھلىيا قىلىپ، گۈزەل ئارزۇلىرىنى يوق
قىلىۋېتىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ ھەۋۋا.

ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرى بىر ئورۇندىن،
مۇددىئالىرى بىر ماكاندىن چىقىپتۇ. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇلار «ئەمدى بىزگە باشچىلىق
قىلىدىغان بىر خەلىپە لازىم. بىز بولمىغان
چاغلاردا ئورنىمىزغا بۇ خەلىپە تۇرىدىغان
بولۇشى كېرەك!» دېگەن قارارغا كېلى-
شىپتۇ. شۇ چاغدا شەيتان بۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆز ئورنۇمغا كىبىر (تەكەببۇرلۇق)-
نى خەلىپە قىلىمەن، ئەگەر مەن بولماي
قالسام، ئۇ ماڭا ۋەكىل بولسۇن.

— مەن، — دەپتۇ دۇنيا، — ھېرىسنى
ئۆزۈمگە ۋەكىل قىلىمەن. مەن يوق چاغدا
ئەدەملەرنى ھېرىس ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ
تۇرىدۇ.

— مەن ھەسەتخورلۇقنى ئۆز ئورنۇمغا
خەلىپە قىلىمەن، — دەپتۇ ھەۋۋا، —
مەن بولمىغاندا ئادەملەر ھەسەتخورلۇق
ئازابىدىن ھالاك بولۇشىدۇ.

— بەخت-سائادەتكە، نازۇ-نېمەتلەرگە
ئېرىشىپمۇ يەنە شۈكرى قىلمايدىغان تەمە-
خور كۈپپارلار مېنىڭ لەشكەرلىرىمدۇر، —
دەپتۇ شەيتان.

— راھەت-پاراغەت قوغلاشقۇچى راھەت-
پەرەسلەر مېنىڭ لەشكىرىم بولىدۇ، — دەپتۇ
ھەۋۋا.

— تىلى شېكەر، ئىچى زەھەر،
كۈندۈزى ئىنسان، كېچىسى جىن، تەخسكەش-
لەر مېنىڭ لەشكەرلىرىم، — دەپتۇ دۇنيا.

— مەن ئۇيقۇ-غەپلەت تۇغىنى
كۆتۈرىمەن، — دەپتۇ شەيتان.

— مەن مەئىشەت تۇغىنى كۆتۈرىمەن،
— دەپتۇ ھەۋۋا.

— مەن نەپسانىيەتچىلەرنىڭ تۇغىنى
كۆتۈرۈمەن. نەپسى-بالاغا گىرىپتار بولغۇ-
چىلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئەگىشىدۇ، —
دەپتۇ دۇنيا.

شەيتان ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك تېرىسىنى
تارتىپ كىيىپتۇ. دۇنيا بولسا، غەيۋەت-شىكايەت-
تىن دۇمباق تەييارلاپتۇ. ھەۋۋانىڭ ناغرىسى
پىتنە بىلەن جۇدادىن ياسىلىپتۇ. ھەممىدىن
بۇرۇن شەيتان دۇشمەنلىك تايىقى بىلەن
ئاداۋەت ناغرىسىغا قاتتىق ئۇرۇپتۇ. شەك-شۈب-
ھە، گۇمانخورلۇق، نىزا-ئاداۋەت، پىتنە-پا-
سات جاھانغا تولۇپتۇ. دۇنيا ھېرىسنىڭ
چوكىسىنى رىغبەتنىڭ دۇمبىقىغا ئۇرۇپتۇ.
تەمەگەرلىك، بېخىللىق ئىللەتلىرى ئالەمنى
قاپلاپتۇ. ھەۋۋا بولسا زالالەتنىڭ كالتىكى
بىلەن ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ ناغرىسىغا
ئۇرۇپتۇ. شەھۋانىلىق، كۈندەشلىك مالا-
مەتلىرى يەر يۈزىنى قاپلاپتۇ. شۇنداق
قىلىپ ئۇلار توغ-ئەلەملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
لاۋۇ-لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ناغرا-
كاناي، داقا-دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ سەھرا-
يى باتىنىدە توپلۇشۇپتۇ، بەندەئى مۆمىنلەر-
نىڭ ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قوزغاش قەستىگە
چۈشۈپتۇ.

ئەلقىسسە: بۇ چاغدا ئادىمى مۆمىنلەر
پاك دىللىرىنى پادىشاھ تىكلەپ، ئەقىل-
پاراسەتلىرىنى ۋەزىر قىلىپ، ئىمان تۇغىنى
ئېگىز قاداپ، مەرىپەتنى سىپاھ، مەدەنىيەت-

نى زۇلپىقار ئەيلەپ، ئىلمۇ-ھېكمەت لەشكەرلىرىنىڭ سېپىنى راست قىلىپ، جەننەتۇل مەئۋانىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس راھەت-پاراغەتلىرىگە يەتمەك مۇددىئاسىنى دىلىغا پۈكۈپ، شىجائەت تۇلپارلىرىغا مىنىپ، جۇرئەت قامچىلىرىنى قولىغا ئېلىشىپتۇ، شەيتان-مەلئۇن قوشۇنى تەرەپكە قاراپ ئات سېلىشىپتۇ. مۆمىن قوشۇنىدىكى سەردارلاردىن ئىنساپ بەگ، ۋاپا خېنىم، شەپقەتچۈك، مېھرى بۇۋى، قانائەت بەگ، خەيرى-ئېھسان بەگ، شاپائەت بەگ، ساخاۋەت بەگ، سەۋرى گۈل، تاقەت خېنىم، دوستانە پالۋان، غازات باتۇر، شىجەت يىگىت بېشلەر شۇنداق باھادىرلىق كۆرسىتىپتىكى، ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان تېخى مۇنداق شىددەتلىك جەڭ بولغان ئەمەس ئىكەن. ئەھلى ئىلملەر قوشۇنىدىن ھەر بىر قىلىچ كۆتەرگەن مۆمىنلەر ھەربىر ھەرىكىتىگە «ئاللا ئۆزۈڭ نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن» دېگەننى يار قىلىشىپتۇ. ئۇزاق سوقۇشۇشتىن كېيىن ئاللا مۆمىنلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىپتۇ، زەپەر تونىنى ھەر بىر سىپاھ بەگلەرگە كەيدۈرۈپتۇ. ئاللانىڭ مەدەت لەشكەرلىرى شەيتاننىڭ پىتنە-پاساتلىرىنى تارمار قىلىپتۇ. ۋۇجۇد شەھىرى ئىمان چىراغلىرى بىلەن يورۇپتۇ. بۇ جەڭدىن كېيىن، ئادىمى مۆمىنلەر تېخىمۇ كۈچكە تولۇپ شەيتان مەلئۇننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئىرادە باغلىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **موللا ياقۇپ**

توپلىغۇچى: **يۇسۇپ ئۆمەر**

(«پەيزىۋات خەلق چۆچەكلىرى»-دىن ئېلىندى)

## ماقال-تەمسىللەر

ئاقساق يول تالىشار،
پىخسىق پۇل (تالىشار).

غالجىر خۇدانى بىلمەس،
ئىت ھارامنى (بىلمەس).

ئادەمنىڭ مېۋىسى — بالا.

تىرىشقان بىكار كەتمەس.

ھورۇنغا ئىش يوق،
ئىشچانغا قىش (يوق).

ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار.

ئەلگە ياققان خار ئەمەس.

بىر زىياننىڭ بىر ساۋىقى بار.

ئالىم بولۇشتىن ئادەم بولۇش قىيىن.

ئۆرۈپ-تىللاش ئاسان، تەربىيەلەش قىيىن.

خاتايىڭنى ئېيتقۇچىنى ئاتام دەپ بىل.

ئەلنىڭ رىسقىنى يىگىچە، كالىنىڭ تېزىكىنى يە.

توپلىغۇچى: **سۇلتانەم**

# يول ھەققىدە نەزمە

بۇ نەزمە قەشقەر يوپۇرغىلىق ئەرشىدىن موللام تەرىپىدىن 1925-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى ئالتە شەھەردىن ئىلىغا ماڭىدىغان كونا يول ياقىسىدىكى بىر توغراقنىڭ يۈزىگە يېزىلغان. بۇ توغراق چېدىر كۆل بىلەن قىزىلتام ئارىلىقىدا بولۇپ، يولۇچىلار چۈشۈپ دەم ئالىدىغان جاي ئىدى. مەن 1947-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ بۇ نەزمىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ يادلىۋالغانىدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خېلى كۆپ قىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئېسىمدە قالغانلارنى رەتلەپ چىقىپ ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدىم.

توپلىغۇچى: **مامۇت غازى**

غەنىيمەتتۇر، ئېھ، يارانلەر
قەشقەردىكى زاغرا نانلار.
قەشقەر دېگەن باغى ھەرەم،
ئۇنىڭ گۈلتاجى بەشكېرەم.
قەشقەردىن چىقىپ، كېلىسەن ياندۇرما،
ئاتا-ئاناڭدىن تاندۇرما.
ئاندىن كېلىسەن يامانيار،
نەدە ساڭا ئاش بىلەن نان تەييار.
كەچتە كېلىسەن پەيزىئاباد،
قوغۇنلىرى گويا قەنت-ناۋات.
ئاندىن كېلىسەن لۈڭكۈ،
لۈكچەكلىرى ئادەم ئەمەس سىڭكۈ.
ئاندىن كېلىسەن ئۆردەكلىك،
ئاتا-ئاناڭدىن ئايرىلىپ،
ئىلىغا ماڭغىنىڭ بىر گۆدەكلىك.
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ قارا قىلچىن،
ھەممىدىن بۇ يەردە پۇل چىك.
ئاندىن بارىسەن مارالبېشى،
سېنىڭ بىلەن كىمنىڭ ئىشى.
تاغ ئارىسىدا بار ئوقۇر مازىرىم،
شەيخلەر پۇل تىلەپ بوپتۇ بىر كىچىك بازىرىم.
تاغدىن چىقساڭ تۇمشۇق،
بازىرىدا بار بىر نەچچە ئۇششۇق.
ئاندىن كېلىسەن چېدىر،
ياققان نانلىرى پېتىر.
ئاندىن كېلىسەن كونا ئۆتەڭ قىزىلتامغا،
قورسىقىڭ ئېچىپ زار بولسەن بىر پارچە نانغا.
ھېرىپ-ئېچىپ كېلىسەن ۋەيرانە دەڭگە،
ئەتراپىڭغا ئۇلىشىدۇ نەچچە قىمارۋاز بەڭگە.
ئاندىن كېلىسەن كونا چىلانغا،
كۆزۈڭ چۈشىدۇ مېڭىپ يۈرگەن ھەرخىل يىلانغا.
چۆل ئىچىدە بار شوتا قۇدۇق،
تۈزلۈك سۇنى ئىچىپ بىر كېچە قوندۇق.
ئاندىن كېلىسەن خاڭگۈڭ،
ئادەملىرى خېلى گاڭگۈڭ.
ئاندىن كېلىسەن قۇمباشقا،

ئولتۇرسەن دەڭ ئالدىدىكى تاشتا.
كاۋا تالاشمساڭ بولدى،
تالاشساڭ مۇشت يەيسەن باشقا.
كەچتە كېلسەن ئاسىق،
بۇ يەردە بار بىر نەچچە پاسىق.
بۇ يەردىن مېڭىپ بارسەن جامغا،
ئىلىغا بارايمۇ-ئۇرۇمچىگە دەپ.
خىيال سۇرۇپ بىر كېچە،
جاپا سالسەن جانغا.
ئاندىن كەلگىننىڭ قىزىل بۇلاق،
سۇغا قاندۇ ئادەم، ئۇلاق.
يەنە ماڭساڭ يېڭى مەھەللە،
قەيەردە قالدى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەر.
ئەمدى كەلگىننىڭ تامغا تاش،
داۋانغا قاراپ كۆزۈڭدىن ئاقىدۇ ياش.
ھەممىدىن يامان يەر مۇز داۋان،
ئېچىگىدە دەيسەن ئۆتسەم تىنچ-ئامان.
ئۈستىگە چىقساڭ ئېپارلىق،
ئېچىگگە چۈشىدۇ دىشۋارلىق.
ئېپارلىقنىڭ يوللىرى بەك تار،
كېچە-كۈندۈز ياغىدۇ قار.
پەسكە چۈشسەڭ ئايغىر ئالدى،
پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى ئوغرى ئالدى.
ئاندىن كېلسەن توغرا سۇ،
يالۋۇرسەن قېرى دەڭچاغا:
«ئاشقان پۇلۇمنىڭ ھەممىسى شۇ.»
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ خان يايلىقى،
مەلۇم ئەمەس ھېچكىمنىڭ بايلىقى.
ئاندىن كېلسەن شوتىغا،

ياۋاش بولمساڭ تاياق يەيسەن يوتىغا.
ئېكەس دەپ بىر يېرى بار ھەممىدىن تۈز،
ئاتا-ئاناڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز.
ئاندىن كېلسەن زەنگەر،
ئەسلى بۇ يەر بىر لەنگەر.
ئاندىن بارسەن موڭغۇلكۆرە،
موڭغۇللار يۈرۈيدۇ گىرە-گىرە.
بۇ يەردىن ئۆتسەڭ سەكسەن بەل،
تېز كەتمسەڭ ئۆلارغا بولسەن ئەل.
ئاندىن كەلگىننىڭ سۇنىڭ داۋىنى،
بۇ داۋان يولنىڭ ئەڭ يامىنى.
يەنە بار ئەزىز بەگ تېمى،
چۈشىدۇ بېشىڭغا ئىلىنىڭ غېمى.
ئاخىر بارسەن ئىلىخو دېگەن جايغا،
كۆزۈڭ چۈشەر ساماۋەرخانىدىكى چايغا.
ئۈچ كۈندىن كېيىن ماڭسەن پىلىچى خاڭغا،
چاپان-چارنى گۆرۈگە قويسەن ئىككى نانغا.
خاڭغا بېرىپ چۈشسەن بوتۇڭنىڭ قولىغا،
قۇلدەك ئىشلەيسەن كېچە-كۈندۈز،
بىر نان كەلمەس بەرگەن پۇلىغا.
ئالتە شەھەردە ئاتا-ئاناڭ يىغلايدۇ،
شور پېشانە ئوغلۇم قاچان كېلەر دەپ.
خاڭنىڭ تېگىدە سەن يىغلايسەن،
زۇلمە تىلىك بۇ كۈنلەر قاچان تۈگەر دەپ.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭنى تاشلاپ،
ئىلىغا ماڭغىنىڭ بەك چوڭ نادانلىق.
نەدە بولساڭ بولغىن مۇساپىر،
خۇدادىن تىلە بېشىڭغا ئامانلىق!

# ۋېنگر خەلق چۆچەكى «ئاق ئات ئوغلى» بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇش

ئىسابېللا خالۋات (ئامېرىكا)

بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ياۋروپادا
ئولتۇراقلاشقان تەخمىنەن 12 مىليون نوپۇسقا
ئىگە ۋېنگر مىللىتىنىڭ ئىلگىرىكى تارىخى
ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى تېخى ئېنىقلانغى-
نى يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئەجداد-
لىرى كارپات ئويمانلىقىدا ياشىغان دەۋرلەر-
مۇ قىزغىن مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان تېمىلارنىڭ
بىرى. يېقىندا ۋېنگرىيىنىڭ داڭلىق ئارخې-
ئولوگى لازرو. جورا ئارخېئولوگىيىلىك
تەتقىقاتلار ۋە ئىلگىرىكى يازما ھۆججەت،
خاتىرىلەرگە ئاساسەن ۋېنگر تىلىدا
سۆزلىشىدىغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى
قەبىلىلەر مىلادىيدىن ئىلگىرى 670-يىللىرى
كارپات ئويمانلىقىغا كەلگەن ئونئوغۇرلار
ئىدى، ئارپاتىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ماجارلار
بولسا مىلادى 859-يىلى بۇ يەرگە كەلگەن
دەپ قارايدۇ①.

ھازىر كەڭ تارقالغان تىلشۇناسلىق
نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ۋېنگر تىلى
ئورال تىل سىستېمىسىنىڭ فىن-ئۇگۇر تىل
ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ②، بۇ تىل ئائىلىسىدە
ۋېنگرلار تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغىنى بۈگۈنكى
كۈندە ئورال تاغلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە
ئولتۇراقلاشقان خانتىلار بىلەن مانسىلاردۇر.
تىل جەھەتتىكى بۇ خىل قېرىنداشلىققا
ئاساسلانغاندا، ئۆتكەنكى 50 يىلدا ۋېنگر-
يىلىك تىلشۇناسلار ۋېنگرلار تىل جەھەتتىلا
ئەمەس، بەلكى ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت
جەھەتلەردىمۇ ئوب ئۇگۇرلىرى، يەنى
خانتى، مانسىلارغا يېقىن دېگەن قاراشتا
بولۇپ كەلدى.

بۇ خىل نەزەرىيىدە ۋېنگرلارنىڭ ئىرق ③
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ④ ئوب ئۇگۇر-
لىرىغا قارىغاندا، ياۋروپا-ئاسىيا يايلاقلىرىدى-
كى مىللەتلەر بىلەن تېخىمۇ قويۇق قېرىنداش-
لىق مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا
سەل قارالغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندە تەپسى-
لىي توختىلىمىز.

بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا پەقەت بۈگۈنكە
قەدەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان كونا ئەندىزىلەر
ئاساسىدىلا قارىماي، ئۇنىڭ تىل جەھەتتى-
كى قېرىنداشلىقى ئاساسىدا ئىزدىنىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يازما ھۆججەت،
خاتىرىلەرگە ⑤، مىللەتشۇناسلىق ⑥ ۋە
ئانتروپولوگىيە جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارغى-
مۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. پەقەت
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىنسانىيەت مەدە-
نىيىتىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى
تەتقىقات مېۋىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغاندىلا
ئاندىن ۋېنگرلار تارىخىنى ئەتراپلىق
ھالدا ئېنىقلىيالايمىز.

قىزىقارلىقى شۇكى، ۋېنگرىيە تىلشۇناسلى-
رى تىلنى ئۆز نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى
قىلىپ تۇرۇپ، ۋېنگرلار فىن-ئۇگۇر مەنبەسى-

نى تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرىۋاتقان ۋاقىتتا، يەنى بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ تەتقىق قىلماقچى بولغىنىمىز تىل سەنئىتى، يەنى ۋېنگرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بولۇپ، ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ۋېنگرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى بار، دېگەندىن ئىبارەت.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، ۋېنگرىيە مىللەتشۇناسلىرى نۇرغۇن خەلق چۆچەكلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە قوشاقلىرىنى[7] توپلىدى، ھازىر نۇرغۇن ماتېرىياللار ۋە بۇ ماتېرىياللارغا ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەر، ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىمىزدا بىز «ئاق ئات ئوغلى» ناملىق ۋېنگر خەلق چۆچىكى تۈرىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قورۇلما جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدىغان تۈرك، ئۇيغۇر، قازاق، سېرىق ئۇيغۇر ۋە قىرغىز مىللەتلىرى چۆچەكلىرىدىكى ئورتاقلىقلارنى تەتقىق قىلىمىز.

ۋېنگرىيىنىڭ داڭلىق خەلق چۆچەكلىرى تەتقىقاتچىسى بېرزى. ناگى. يانوش مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا تۈلمەس ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ۋېنگر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈرلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا رەتلەپ چىقتى[8]. ئۇ، «ئاق ئات ئوغلى» ئەينى ۋاقىتتا توپلىغان چۆچەكلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي چۆچەكلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان، ئۇ يەنە تاتار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى ئارىسىدىن «ئاق ئات ئوغلى» چۆچىكى بىلەن تەڭداش بىر ئاساسىي ئانا تېمىسىنى، يەنى چوڭ دەرەخنىڭ شاخلىرىدىكى قېرى بۈركۈتنى (ياكى ئالىپ قۇشنى) بايقايدۇ.

1990-يىلى مەن باشقا بىر تېمىنى — ۋېنگرىيە ۋە يايلاق مەدەنىيەت سەنئىتىدىكى بېشى بۈركۈت، تېنى شىر شەكلىدىكى ھايۋاننىڭ ئوبرازىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ چۆچەكلەردىكى رولىنى[9] تەتقىق قىلىۋاتقىنىمدا، مەن ئەگەر ئەھمىيەتلىك بىر ئانا تېمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بايقىلىدىغان بولسا، يەنە تېخىمۇ كۆپ ئانا تېما مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن دەپ ھېس قىلدىم. شۇڭا مەن «ئاق ئات ئوغلى» ناملىق بۇ چۆچەككە ۋە ئۇنىڭ يىراق شەرقتە ئېقىپ يۈرگەن ۋارىيانتلىرىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدىم.

پروفېسسور دۇياۋىي مېنى سېلىشتۇرىدىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. مېنى ئىلھاملاندۇرغىنى ۋە ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، مەن تۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىن «ئاق ئات ئوغلى» نىڭ ئانا تېمىسىنى تېپىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنىمۇ تاپتىم. 1990-يىلى 6-ئايدا مەن سېيورىخ ۋېنگرىيە تارىخ جەمئىيىتىنىڭ گېرمانىيىدە ئۆتكۈزگەن يىللىق يىغىنىدا مۇشۇ چاقچىچە چۆچەكنىڭ مۇكەممەل قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان كىشى مەنلا ئىكەنمەن. يېقىندا مەن جوڭ جىنۋېن ئەپەندىنىڭ ۋېنگرلار بىلەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرىدىكى ئورتاق ئانا تېمىلارنى بايقاپ تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى[10] ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئۇ، «ئاق ئات ئوغلى» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىنى ئاڭلىغاندا بۇ چۆچەك بىلەن «树大石二马三哥» ناملىق چۆچەكنىڭ ناھايىتى يېقىنلىقىنى[11] بايقىغان.

سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ نەتىجىسىنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىش ئۈچۈن مەن

بىر جەدۋەل تۈزدۈم، جەدۋەلدىكى قارا بويالغان كاتەكلەرنىڭ بىلدۈرىدىغىنى ئانا تېما بولۇپ، ئۇزۇنسىغا قارىغاندا ھەربىر مىللەتنىڭ نامى ئاستىدىكى قارا كاتەك قىسمى قانچە كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ (خەلق) چۆچەكلەرى شۇنچە يېقىن بولغان بولىدۇ (قوشۇمچە جەدۋەلگە قاراڭ).

مەن جەدۋەلنى تۈزگەندە بەزى چۆچەكلەردە مەلۇم ۋەقەلىكلەرنىڭ كەملەكىنى ۋە بەزى ۋەقەلىكلەرنىڭ ۋېنگرىيە نۇسخىسىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇلار مېنى ئەجەبلەندۈرمىدى. مېنى ئەجەبلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، بۇ چۆچەكلەردىكى نۇرغۇن ۋەقەلىك ۋە ھادىسىلەر تەرتىپىنىڭ ناھايىتى يېقىنلىقى، بەزىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى بولدى.

مەن شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بىز سېلىشتۇرغان چۆچەكلەردە گەرچە بەزى تەپسىلاتلار بىردەكلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرمىگەن. بۇ خىل چۆچەكلەر تۈركۈمىدىكى بارلىق چۆچەكلەر ئۆز ئارا زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بىرنەچچە ئانا تېمىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

بۇ تۈركۈمدىكى چۆچەكلەرنىڭ سيۇژېت تەرەققىيات تەرتىپىنى تۆۋەندىكىدەك ئون نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. بىر ھايۋان (ئات، قوي، ئېيىق) دىن تۆرەلگەن بالا، ئۇ خاسىيەتلىك ئادەملەردەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە.

2. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ھەمراھى بولۇپ، ئۇ ئۇلار بىلەن چېلىشىپ كۈچ سىنىشىدۇ ياكى ئۇلارغا ئىگە بولىدۇ.

3. ئۇلار گۆرۈگە ئېلىنغان قىزلار (ياكى خوتۇنلار) نى بىرلىكتە ئىزلەپ، بۇلاپ كېتىلگەن ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ يەر ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇلار يەر ئاستى ئالىمىنىڭ ئىشىكىنى ئىزلەيدۇ.

4. چۆچەكلەردىكى باتۇرلاردىلا يەر ئاستى مەملىكىتىگە كىرىش جاسارىتى بولىدۇ.

5. باتۇرلار خوتۇن-قىزلارنى قۇتقۇزىۋالىدۇ ھەمدە ياۋلار (غەلىتە مەخلۇقلار، ئەجدىھا) نى ئۆلتۈرىدۇ.

6. باتۇرلار خوتۇن-قىزلارنى يەر ئۈستىگە چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خوتۇن-قىزلارنى قۇتقۇزىۋالىدۇ، ئەمما باتۇر يەر ئاستىدا قالىدۇ.

7. بىر چوڭ قۇش — بۈركۈت ياكى ياۋا غاز باتۇرلارنىڭ يەر ئۈستىگە چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

8. يەر ئۈستىگە چىقىش سەپىرى تولىمۇ جاپا-مۇشەققەتلىك بولىدۇ. يەر ئۈستىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ئوزۇقلۇقى تۈگەپ كېتىدۇ، باتۇر ئۆز تېنىدىن بىر پارچە گۆش كېسىپ چوڭ قۇشنى باقىدۇ.

9. چوڭ قۇش ئوڭۇشلۇق ھالدا يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىدۇ، ئۇ باتۇرنىڭ گۆشىنى قۇسۇپ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، باتۇرلار بالدۇرقىدىنمۇ بەردەملىشىپ كېتىدۇ.

10. باتۇرلار بۇلاپ كېتىلگەن خوتۇن-قىزلار بىلەن توي قىلىپ، ئۇلار بىلەن بەختلىك ياشايدۇ ھەم قېيىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولىدۇ.

ھازىر بۇ يەردە ئىككى ئاساسىي

مەسىلە بار:

1. تۈركىي خەلقلەر بىلەن ۋېنگرلار مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولغان مەدەنىيەتتە ئۇلارنىڭ خەلق چۆچەكلىرى نېمىشقا شۇنچە ئوخشىشىپ كېتىدۇ؟

2. بۇ خىل تۈركۈمدىكى چۆچەكلەرنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى نېمە؟ ئۇ پەقەتلا بالىلار كۆڭۈل ئاچىدىغان چۆچەكمۇ؟ ئۇ مەدەنىيەت، تارىخ جەھەتتىكى مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ-يوق؟

بىز ئالدى بىلەن ئىككىنچى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز. قەدىمىي يازما ھۆججەتلەر، ئارخېئولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلەرگە ئاساسلىنىپ بۇ چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ تۈركۈمدىكى چۆچەكلەردە بىر مەدەنىيەت مەنبەسىدىن كەلگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنى تا بۈگۈنگە قەدەر ساقلاپ كېلىۋاتقان يايلاق جەمئىيىتىنىڭ بەزى توپ خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ تۈركۈمدىكى چۆچەكلەردە سىياسەت، دىن، مىللەت قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئۆزئارا زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ھەم شامانىزمنىڭ تەجرىبىلىرى، روھنىڭ كۆچىشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئادىمىزات بىلەن ئەۋلىيالار ئوتتۇرىسىدا ئوينىغان ۋاسىتىچىلىق رولى، مۇقەددەس پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ شامان دىنىغا خاس ئوبرازىنى ئىپادىلەشكە ئېتىبار بېرىلگەن.

بىز ئەمدى بۇ تۈركۈمدىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى ئون باسقۇچ بويىچە بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

1. چۆچەكلەردىكى باتۇرلار ھايۋاندىن تۆرەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى كۆپ ھاللاردا ئات تۇغىدۇ.

مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، يايلاق مەدەنىيىتىدىكى شامان دىنى ھەممىشە ھايۋاننى، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتى توتېم قىلغان ھايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوخشاشلا باشقا ھايۋانلار بىلەن، بولۇپمۇ تۆت خىل ئەڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە شامان ئىلاھى ھايۋانلىرى — بۆركۈت، ئات، ئېيىق، مارال ياكى بۇغىلار⑫ بىلەن زىچ قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ. ئوخشىمىغان بىرنەچچە خىل يىلنامىلارغا ئاساسلانغاندا، ۋېنگر، ئۇيغۇر، سالجۇق تۈركلىرى ۋە ئوسمان تۈركلىرى خان جەمەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئەڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئۇچار قۇش پادىشاھى لاچىننىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىمىز⑬.

ۋېنگرىيەدە شامان دىنىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان دىئوسىج. ۋېرمۇشنىڭ پەزىشچە، شامان دىنىغا ئىشىنىدىغان ۋە شامان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزىگە، ئۇ تېخى شامان بولمىغان چاغدا روھىنى بىر ئاتنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئات ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېلىش بىلەنلا بالىنىڭ ھوشىغا كېلىپ ھەقىقىي «زەردۇش»، يەنى شامانغا⑭ ئايلانغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى يازغان.

2. باتۇرلار بالا چېغىدىلا چوڭ ئادەملەردەك بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئىنتايىن بەردەم بولىدۇ.

ئېتنوگرافىيە ماتېرىياللىرى، يازما ھۆججەتلەر ۋە خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،

يايلاق مەدەنىيىتىدىكى شامانلار بىلەن پادىشاھ خاسىيەتلىك ئادەملەردەك كۈچلۈك ۋە ئىقتىدارلىق دەپ قارىلىدۇ. ۋېنگر رىۋايەتلىرى ۋە يىلنامىلىرىدا بالدۇرقى ۋېنگر پادىشاھلىرى ۋە باتۇرلىرى ئاجايىپ قاۋۇل، باشقىلاردىن كۈچتۈڭگۈر⑮ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. تۈركلەرنىڭ ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە⑯.

3. باتۇر ئۆزىگە ئوخشاش قاۋۇل ھەمراھلىرى بىلەن كۈچ سىنىشىشتا ئۇلارنى يېقىتىدۇ، بۇ خىل چېلىشىش مۇسابىقىسى پەقەت ۋېنگر چۆچەكلىرىدىلا ئۇچرايدۇ. تۈركىي مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە باتۇرنىڭ ھەمراھلىرى باتۇرغا ئىنى بولۇشقا رازى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەڭ قاۋۇل، شۇنداقلا ئەڭ دانىشمەن ھېسابلىنىدۇ.

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە ۋېنگر رىۋايەتلىرىدىكى باتۇرلار، شامانلار ۋە پادىشاھلار دۈشمەنلەرگە يولۇقىدۇ ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىدۇ⑰. ۋېنگر شامانلىرى ئۆزئارا ئېلىشىدۇ ۋە باتۇرلۇقنى تالىشىدۇ، ئالتاي ۋە تۈركىي شامانلىرىمۇ مۇشۇنداق قىلىدۇ⑱.

ۋېنگر ۋە تۈركىي خەلقلەر چۆچەكلىرىدە باتۇرلارنىڭ ھەممىشە مەلۇم جايلارغا، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان جايلارغا بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋېنگر خەلق چۆچەكلىرىدە باتۇرلار جاھان كېزىشكە ياكى باشقا جايلارغا بېرىپ تەلەي سىناپ بېقىشقا خۇشتار⑲. باتۇرلار بىرەر ئىشقا يولۇقىدۇ ۋە دائىم بىرەر ھايۋان ياكى ئادەمگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ. بۇلار بىزگە شامانلار ۋە مۇقەددەس ھۆكۈمدارلارنىڭ ئوينىغان رولىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئادىمزات بىلەن ئەۋلىيالار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى، خەيرى-ساخاۋەتچى ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، خېيىم-خەتەر ئالدىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. شامانلار ۋە مۇقەددەس ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى قوغدايدىغان، خەيرى-ساخاۋەت قىلىدىغان رولغا ئىگە قىلىنغان. ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇ خىل رولى توغرىسىدا ئۇرخۇن تۈركلىرى مەڭگۈ تاشلىرىدا ئېنىق شەرھى بار⑳.

4-5. پەقەت باتۇرلارلا يەر ئاستىغا كىرىدىغان ئېغىزنى ئىزلەيدۇ ھەم ئۆزى يالغۇز ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ بۇلاپ كېتىلگەن خوتۇن-قىزلارنى ئىزلەيدىغان جۈرئەت-شىجائەتكە ئىگە بولىدۇ.

شامانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئالەمگە بېرىپ كېسەللەر ئېلىپ كەتكەن روھنى ياندۇرۇپ كېلىش كېرەكلىكىنى، كېسەل قوزغىلىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئالۋاستىلارنىڭ كېسەل كىشىنىڭ روھىنى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن بولغانلىقىنى بىلىدۇ㉑. مىللەتشۇناسلارنىڭ دوكلاتلىرىغا قارىغاندا، پەقەت ناھايىتى كۈچلۈك سېھرىي كۈچكە ئىگە شامانلار مۇشۇنداق خەتەرلىك سەپەرنى قىلالايدىكەن㉒.

روسىيە مىللەتشۇناسى بوتانىنىڭ 1880-يىلدىكى، ئانوكشىنىڭ 1920-يىلدىكى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، شامانلار پەسكە چۈشكەندە بىۋاستە ھالدا تاغ ئېتىكىدىكى ئۆڭكۈردىن ئۆتۈپ ئۇ ئالەمگە بارىدىكەن، بۇ خىل سەپەر كېسەللەرنىڭ روھىنى

قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىدىكەن㉓.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ «ئاق ئات ئوغلى» تۈركۈمىدىكى چۆچەكلىرىدە باتۇرلار (ۋېنگرىيە نۇسخىسىدىكى يەنە بىر چۆچەكتە بولسا، بىر پېرسوناژ) ئۇ ئالەمگە بارغاندا، ئۇنىڭدىن «سەن يۇرتۇڭدىكى قۇشلار ئۇچۇپ كېلەلمەيدىغان جايدا نېمە قىلىسەن؟» ㉔ دەپ سورايدۇ. ئالتاي شامانلىرى تۈۋەنلەپ باقىي ئالەمگە چۈشكەندە، ئۆزىنىڭ جۇگگو قۇملۇقىدىن ئۆتكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنى ئاگىلغۇچىلارغا «ھەتتا سېغىزخان ۋە قاغىلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان جاي» ئىكەن دەپ تەسۋىرلىگەن. ر ئىقتىدارلىق شامان مۇرتى ناخشا-مۇزىكى ى ئارقىلىق ئۆز نىشانىغا يېتەلەيدۇ㉕.

6-7. باتۇرلار ئوڭۇشلۇق ھالدا مەلىكىلەرنى قۇتقۇزىۋالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۆزى يەر ئاستىغا چۈشكەندە ئۆتكەن ئۆڭكۈر ئارقىلىق يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىدۇ.

بۇ ۋەقەلەر شاماننىڭ يەر ئاستى دۇنياسىغا چۈشۈش مەقسىتى — كېسەل كىشىنىڭ ئېلىپ كېتىلگەن روھىنى ئىزلەش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. خەلق چۆچەكلىرىدە جىن-شەيتانلار ھەم قورقۇنچلۇق ھەم زەھەرخەندە بولۇپ، باتۇرلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ: ئەجدىھا، «ماڭگۇس»، (سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرىدىكىدەك) يالماۋۇز. ئۇلار ۋېنگر ۋە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

شامانلار روھنى قايتۇرۇپ كېلىپ كېسەللەرنى ساقايتىدۇ، ئەمما ئۆزى ناھايىتى كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتكە ئۇچرايدۇ ھەمدە يەر ئاستىدا قالىدۇ. مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرى شامانلارنىڭ كېسەللەرنىڭ ئاغرىق ئازابىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا يۆتكىۋالىدىغانلىقىنى ھەمدە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن كېسەلنىڭ كېسىلىنى يېنىكلىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ㉖. شامانلار كېسەلنىڭ روھىغا مۇھتاج بولغان ھايۋاننى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنىڭ ئۇ ئالەمدىكى روھىنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئەگەر شامانلار بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە ھۆكۈمران بولسا، ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ روھى لاچىن ياكى بۈركۈت بولىدۇ. ياقۇت شامانلىرىنىڭ گۆشخور يىرتقۇچ قۇشلاردىن ئانىسى بولىدۇ، بۇ قۇش شامانلار يەر ئاستى ئالىمىنى ساياھەت قىلغاندا ياردەم قىلىدۇ㉗.

8-9. باتۇرلار چوڭ ئالىپ قۇشنى تاپىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ياردىمىدە يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىدۇ. باتۇرلار ئۆزىنىڭ گۆشىنى كېسىپ بېرىپ چوڭ قۇشنى باقىدۇ، قۇش يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن باتۇرلارنىڭ گۆشىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلەندۈرۈۋېتىدۇ.

چۆچەكلەرنىڭ ئاخىرقى سيۇژېتى بولسا، باتۇرلار بىلەن قۇشنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ، باتۇرلار يەر ئاستىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ۋە يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىشى ئۈچۈن چوڭ ئالىپ قۇشنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ شامانلارنىڭ يەر ئاستى ئالىمىگە چۈشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىدۇ ۋە باشقا بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، يەر ئاستىغا چۈشكەن ۋاقتى روھىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا چاپلاشقان ۋاقتى بولىدۇ㉘. روھنىڭ بەدەنگە چاپلىشىپ

قالغان ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ باتۇر ئاجرى-
تىۋاتقان تەننى يەنە ئۆزىنىڭ ئەجدادىنىڭ
روھى بىلەن بىرگە قويۇشتىن ئىبارەت.
بۇ ئازابلىق مۇساپىلەر ئارقىلىق باتۇرلار شامان
دىنىنىڭ سېھىرىي كۈچىگە ئېرىشىدۇ.㉙ ياقۇتلار
شامانلىرىنىڭ مۇسكۇللىرىنى ئۇنىڭ ئانىسى
— گۆشخور يىرتقۇچ قۇشلار تەرىپىدىن
ئۆزىنىڭ ئۇستىخىنىغا قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن
باتۇرلار شامانىنىڭ سېھىرىي كۈچىگە مۇيەس-
سەر بولىدۇ㉚.

10. بۇ چۆچەكلەر سيۇژىتىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى بىر ھالقىسىدا باتۇر پادىشاھ بولىدۇ.
بىز ۋېنگىر، تۈرك ۋە قىرغىزلارنىڭ چۆچەك-
لىرىدىن بۇ ۋەقەلىكنى كۆرىمىز.

بىز ۋېنگىرىيە يىلنامىسى ۋە خەلق
رىۋايەتلىرىدىن بالدۇرقى پادىشاھلارنىڭ
شامانلارغا ئوخشاش خاسىيەتلىك ئادەملەر
قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئالايلۇق،
پادىشاھ لازرو باتۇر لازرو دەپ ئاتالغان
ئىكەن. ئۇ ناھايىتى باتۇر، قاۋۇل بولۇپ،
ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ،
ئۇ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، بىر سېھىرىي
ئىتى بار. ئۇ جەڭلەردە غالىب بولۇپ، ناھايىتى
كۆپ دۈشمەننى بويسۇندۇرىدۇ㉛. ئۇ ۋېنگىر-
يىنىڭ قارچىغا لاچىننى توتېم قىلغان بىرىنچى
مۇقەددەس پادىشاھ جەمەتى — ئاربات
جەمەتىگە مەنسۇپ. بىر قانچە تۈركىي
مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى «ئاق ئات
ئوغلى» تۈركۈمىدىكى چۆچەكلىرىدە
تەسۋىرلەنگەنگە ئوخشاش قارچىغا لاچىننى
توتېم قىلغانىدى㉜. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە
ئەرزىيدىغىنى شۇكى، موڭغۇل ۋە تۈركىي
خەلقلەر ئېپوسلىرىدا باتۇرلارنىڭ ھەممىسى
بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خاسىيەتلىك
ئادەملەردەك ئىقتىدار ۋە كۈچ-قۇدرەتكە
ئىگە، شۇنداقلا ئۇلار ئېپوسنىڭ ئاخىرىدا
ھۆكۈمدار ياكى پادىشاھ بولىدۇ㉝. بۇ
ئۇقتىلار بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزنى ئېخىمۇ
قۇۋۋەتلەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىزنىڭ بايقىغىنىمىز،
ۋېنگىرىيە ۋە تۈركىي خەلقلەر چۆچەكلىرىدە
ئوخشاشلىقتا ئىگە، ئەمما قېرىنداشلىق
مۇناسىۋىتى بولمىغان ئانا ئېما بولماستىن،
بەلكى بىرلىككە كەلگەن بىر چۆچەكتىكى
بىر قاتار ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى-
دۇر. بۇ ۋەقەلەر شامانلارنىڭ تۇرلۇك
ھەرىكەتلىرىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە ئۇلارغا
تەگرى ئاتا قىلغان ئادىمىزات ئالىمى بىلەن
ئەۋلىيالار دۇنياسىنى تۇتاشتۇرىدىغان
ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ
چۆچەكلەر باتۇرلارغا روھ چاپلاشقاندىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ شامان بولۇش جەريانىنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا شامانىنىڭ
مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتە ئوينىغان
رولىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ چۆچەكلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ
كۆرسەك، ئۇنىڭ بايان دېگەندىن كۆرە،
مۇقەددەس ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە
رولىنىڭ شەرھىسى، شۇنداقلا خاسىيەتلىك
كىشىلەردەك ئىقتىدارغا ئىگە شامانلارغا
ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا چۈشۈرۈلگەن
پەرمان دېگەن تۇزۇكرەك.

بۇ چۆچەكلەردە ئىككى جەمئىيەت
ئۈستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ،
ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دۇنيا قاراش
يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نېمە ئۈچۈن ۋېنگىرىيە چۆچەكلىرى

بىلەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە ئوخشاشلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىرقەدەر قىيىن مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا؟ بىز بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ:

1. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار كارپات ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان ۋېنگىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس يايلاق مەدەنىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى㉞.

2. ئىرقتىن قارىغاندا، ۋېنگىرىيىدە ئولتۇراقلاشقانلار ئورال-ئاسىيا ئىرقىدىكىلەر-نىڭ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىرقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

3. ۋېنگىرىيىدە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ سەنئىتىمۇ تۈركلەر، جورجانلار، ياۋروپا هونلىرى ۋە هونلارنىڭ سەنئىتى بىلەن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە㉟.

4. ۋېنگىرىيىلىك مۇزىكانت باتوقنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ۋېنگىرىيە خەلق مۇزىكىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي مېلودىيە تۈرى تۆۋەنگە چۈشىدىغان بەش ئاهاڭ قۇرۇلما شەكلى ئىكەن㊱. بۇ خىل قۇرۇلما شەكلىنى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىن بايقىغىلى بولىدۇ. بۇ پاكىتنى جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىكى دۇ ياۋېي بايقىغان. بۇ ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدۇر㊲.

5. لوهەيىم ۋە دىئوسىجىتىن ئىبارەت ئىككى ۋېنگىرشۇناسنىڭ 1920-يىلدىن 1950-يىلغىچە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسى كۆرسەتتىكى، ۋېنگىرلارنىڭ شامان ئېتىقادى بىلەن سىبىرىيىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان ئېتىقادى تېخىمۇ يېقىن ئىكەن.

ئەمما، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى قېرىنداشلىقى خانتىلار، مانسىلارغا قارىغاندا ناهايىتى يىراق ئىكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پاكىتلار ۋېنگىرلارنىڭ ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ يايلىقى مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كېيىن ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

يۇقىرىدا بىز ۋېنگىر خەلق چۆچىكى «ئاق ئات ئوغلى» ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بەزى مىللەتلەرنىڭ خەلق چۆچەكلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ ۋېنگىرلارنىڭ يالغۇز مەدەنىيەت، ئارخېئولوگىيە ۋە يازما هۆججەتلەر جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى تىلنىڭ بىر ئالاھىدە تەرىپى — ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتتىمۇ ئاسىيا يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەن ۋېنگىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يايلاق مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ سىيۇژىت قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك، دەپ قارايمەن.

چۆچەكلەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە كېلىش مەنبەسى:

1. «ئاق ئات ئوغلى» ئالان. لازرو تۈزگەن «ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرى»، بۇداپېشت مورا نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى.

2. «بىتەلەي يىگىت»، قۇناس.

يىگناس تۈزگەن «تۈركىيە پەرىزاتلار ھەققىدىكى ئەپسانىلار ۋە خەلق چۆچەكلىرى».

3. «باتۇر ئەلى قۇربان»، لىۋ فاجۇن تۈزگەن«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانما»، شائخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى، 298—318-بەتلەر.

4. «树大石二马三哥» جوڭ جىنۋېن توپلىغان ۋە رەتلىگەن«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، 1988-يىللىق ئىككىنچى سان.

5. «پالۋان ئەرتوستىك»، «قازاق خەلق چۆچەكلىرى»، جياۋشايى، جاڭ يۈنلۇڭ تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 336—339-بەتلەر.

6. «يەتتە خان ھەققىدە ھېكايە»، «قىرغىز خەلق چۆچەكلىرى»، ۋاڭ لىمىڭ تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 182—272-بەتلەر.

ئىزاھاتلار:

① لازرو. جورا:«ئارپات خەلقى»، بۇداپېشت ھېلىكون نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى، 16—24-بەتلەر.

② بارتا. ئانتور:«ۋېنگىرلارنىڭ قەدىمي تارىخى»، بۇداپېشت پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى، 13-بەت.

① ③ بىلەن ئوخشاش، 24-بەت.

④ ئەردى. مىكلوش:«ۋېنگىرلار زىنىنە تلەش سەنئىتى ئاساسىي ئامىللىرىنىڭ ياۋروپا-ئاسىيالىقلار بىلەن بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى»، ئامېرىكا كېلىفلان ئارپات نەشرىياتى، 1987-يىل نەشرى.

⑤ «رەسىملىك يىلنامە» (2-قىسىم)، بۇداپېشت ھېلىكون نەشرىياتى، 1964-يىل نەشرى.

⑥ لوھە يىم. كايسار:«ۋېنگىرىيىنىڭ شامان دىنى»، ئامېرىكا نيۇ-يورك 1951-يىل نەشرى، 69—، 131-بەت.

⑦ «ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانما» (18 قىسىم)، 1970 — 1975-يىللار، ئالان. لازرو قاتارلىقلار تۈزگەن.

⑧ بېرزى. ناگى. يانوش:«ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈرلىرى» (2-قىسىم)، بالانىيا ئوبلاستلىق كومىتېت نەشرىياتى پېچ، 1957-يىل نەشرى.

⑨ خورۋات ئىزابىللا: «بېشى بۆركزت، تېنى شىر ھايۋان ئوبرازىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كارپات ئويمانلىقىغا قىلغان ساياھىتى»، كوسۇت ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992-يىل.

⑩ جوڭ جىنۋېن:«سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 4-سانى.

⑪ جوڭ جىنۋېن:«树大石二马三哥»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1982-يىللىق 2-سان.

⑫ خورجاگ. ئۇنو:«فېن - ئۇگۇر ۋە سىبىرىيە ئەپسانىلىرى»، ئامېرىكا ئارخېئولوگىيە ئىلمي جەمئىيىتى 1927-يىلى نەشر قىلغان، 507-بەت.

⑬ لوھە يىم. كايسار:«كاسار ھاكىمىيىتى بىلەن قارچىغا-لاچىن ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» 38—99-بەتلەر.

⑭ دىئوسېج. ۋېرمۇش: «پېيگەن ۋېنگىرلىرىنىڭ ئېتقاد سىستېمىسى»، بۇداپېشت پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1967-يىل نەشرى.

⑮ ئىپوي.ئانود:«ۋېنگىر چۆچەكلىرى»، گوسناق نەشرىياتى، 1954-يىل، 166—183-بەتلەر.

⑯ جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن پروفېسور لاڭ يىڭ تەمىنلىگەن.

⑰ ⑱ لار⑭ بىلەن ئوخشاش، 108—122-بەتلەر.

⑲ ئىيش. جورا:«77 پارچە ۋېنگىر خەلق چۆچىكى»،

مورا نەشرىياتى، 1972-يىل نەشرى، 252-بەت.

⑳ دىمەت. دەر:« ئارپات تەتقىقاتى » ، بۇداپىشت بانوراما نەشرىياتى، 1977-يىل نەشرى، 110-111-بەتلەر.

㉑ ئىلىياد. مەرگى:« شامان دىنى » ، پۇلىنستۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1974-يىل نەشرى، 203—215-بەتلەر.

㉒ ㉑ بىلەن ئوخشاش، 227-بەت.

㉓ بوتانىن« موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسىم خاتىرىلىرى » ، پېتېربۇرگ،1981—1983-يىل نەشرى، ئابۇكشت« ئالتاي رايونلىرى شامان دىنىغا ئائىت ماتېرىياللار » ، لېنىنگراد 1924-يىل نەشرى.

㉔ ⑲ بىلەن ئوخشاش، 435-،436-،437-بەتلەر.

㉕ ㉑ بىلەن ئوخشاش، 201-،202-بەتلەر.

㉖ ㉑ بىلەن ئوخشاش، 229-بەتلەر.

㉗ ㉑ ⑫ بىلەن ئوخشاش، 211-بەت.

㉘ ⑭ ㉙ بىلەن ئوخشاش، 36-بەت.

㉛، ㉑ بىلەن ئوخشاش،36، 42-،43-بەتلەر.

㉜، ⑮ بىلەن ئوخشاش.

㉝، ⑬ بىلەن ئوخشاش.

⑭ لاۋرونس. لازرو:« ئېتنىك موڭغۇل ئاق تۈيلىرىگە قىلغان سەپىرىم » ، بۇداپېشت ماكۆېتو نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى.

⑳، ① بىلەن ئوخشاش.

⑯، ①، ④، ⑨ كە قارالسۇن.

㊲، ⑱ دۇياۋبي:« غەربىي يۇغۇر خەلق ناخشىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەلقلەرنىڭ ناخشىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش » ، « جۇڭگو مۇزىكىسى » ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق 4-سانى.

㊴، ⑥ ۋە ⑭ گە قاراڭ.

(« مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 3-سانىدىن)

**ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى**

## « قىرمىش ئاتام مازىرى »دىكى سۈزۈك سۇ ۋە ئورمانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت

رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە:

ھەمنان ئىبنى كىلىچ (سۇلتانى سەيدۇل قىرمىش مۇسۇلمىن) قەقەر جادۇ ئاتەشپەرەس كۇپپار بىلەن جەڭ قىلىپ، ھازىرقى قىزىل تاغنىڭ يېنىغا چېكىنىپتۇ. بۇ پايانسىز سايدا ساھابىلار ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپتۇ. ئاتلار ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. ھەمنان خۇداغا: « ئىبارا خۇدايا، بىز بۇ دەشتتە ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ، جان ھەلقۇمغا يەتتى. بىزگە شىپالىق ئاتا قىلغايسەن...» دەپتۇ. تۈن كېتىپ تاڭ سەھەردە ھەمنان چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇنىڭغا:« ھەي ھەمنان! دۆڭدىكى يوغان قارا تاشنى يۆتكىسەڭ، بۇلاق ئېچىلىپ سۇ چىقىدۇ » دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ھەمنان ئويغىنىپ، غازاتچىلارنى باشلاپ بېرىپ، چۈشىدە كۆرگەن ئۆيدەك يوغان تاشنى يۆتكىشى بىلەن تەگلا سۇلار ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بۇ بۇلاققا چارچى (باش بۇلاق)دەپ نام بېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئاخىرىسىدىن يەنە بىر قانچە بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىپ، تۈگمەن چۆرۈلگۈدەك سۇ ھاسىل بولۇپ، كۆمتۈرۈپ قويغان تەگلىكگە ئوخشايدىغان دۆڭدىن پەسكە چۈشۈپلا يوقاپ كېتىپتۇ.

ھەمنان ئىبنى كىلىچ سۇنىڭ بويىغا چېدىرلارنىڭ ياغاچلىرىنى سۇغۇرۇپ تىكىپتۇ. چېدىرنىڭ ياغاچلىرى كۆكلەپتۇ. بۇ سۆگەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ھازىرقى قارا سۆگەت ياكى سېرىق سۆگەتنىڭ يوپۇرماقلىرىغا زادىلا ئوخشىماپتۇ. شۇڭا بۇ سۆگەتلەر « چېدىر سۆگەت » دەپ ئاتىلىپتۇ. كۆسەيدىن كۆكلىگەن كۆسەي تېرەكنىڭ قوۋزاق ۋە يوپۇرماقلىرى ھەر قانداق تېرەككە ئوخشىماپتۇ. شۇڭا بۇ تېرەكلەر « كۆسەي تېرەك » دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى قىرىپ بوراندا قايرىلىپ يىقىلغاچقا، يەرگە تەگكەن يېرىدىن يىلتىز سۈرۈپ كۆكلەپ بەش-ئالتىدىن ئەگمىلەرنى ھاسىل قىلىپ، يەر بېغىرلاپ كۆكلەۋېرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مامۇت يۈسۈپ**

توپلىغۇچى: **ئابدۇراخمان مامۇت (دىيار)**

1993-يىلى 9-ئايدا رەتلەندى

« ئاقسۇ كونىشەھەر خەلق چۆچەكلىرى » دىن ئېلىندى

# كۆسەي قاشلىق ۋاپادار

مۆھتەرەم جامائەتلىرىم، ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار دېگەن مانا مەن بولىمەن.

ھازىر ھېكايەمنى باشلايمەن. گەپلە شسەڭ-لار ئېزىپ كېتىمەن، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىساڭلار قىزىپ كېتىمەن. قۇلىقىڭلار ئەن بولسۇن، چاينىشىڭلار قەنت بولسۇن.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قېرى خوتۇننىڭ تىزى دولىسىدا، ئېشەك ئۆگزە تاتىلىغاندا، خوراز جىرىم غاجىلىغاندا، پاپىياقا نالا قاققاندا، جاڭگالغا قۇلپا سالغاندا، تومۇچۇققا مەشرەپ بەرگەندە، ئېغىلغا زەدىۋال تۇتقاندا مېنىڭ بېشىمدىن مۇنداق ئالامەتلەر ئۆتكەنىدى.

مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار تىزا، داچەن دېگەن پاخال نەرقى، ئاق تەڭگە دېگەن سامان نەرقى كۈنلەردە پۇلنى جىمىتىپ چىقاي دەپ بازارغا چىقماقچى بولدۇم. شەنبە كۈنلۈكتە تەڭ كېچە بىلەن ئېگىز بوز ھاڭگىغا مىنىپ يولغا چىقتىم. يېتىۋالسا يۈگەننى كەينىگە چىڭ تارتىپ، يۈگۈرۈپ توختىغىلى ئۇنىمىسا ئالدىغا سۆرەپ، يەكشەنبە كۈنى نامان پېشىن ۋاق بىلەن قاراقاشنىڭ بازىرىغا چىقتىم. بوز ھاڭگىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ رەستىگە چىقتىم. قولۇمنى كەينىمگە تۇتۇپ، چوڭ نەزەر بىلەن غادىيىپ كېتىۋاتسام دوقمۇشتىكى ناۋاينىڭ شاگىرتى: «ياغدا پىشتى، ياغدا پىشتى، بىرنى يېسەڭ تىك تۇرىسەن، ئىككىنى يېسەڭ شوڭ تۇرىسەن» دەپ تووۋلاۋەردى. ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادارنىڭ قورسىقى بەك ئاچمىدىكى، پۇتلىرىم مەندىن بىخەۋەر ناۋايخانىغا كىرىپ بولدى. ناۋاي ئۇستام ماڭا سالام بېرىپ «كەلسىلە تۇغقىنىم، كەلسىلە. بىر جىڭ گۆشنى ئوتتۇزغا سالدۇق، بىر چارەك پىيازنى ئوششاق توغراپ توققۇزغا سالدۇق، تويغىچە يەۋەرسىلە» دېدى ھەم ئالدىمغا بىر لىگەندە لىق گۆشگىردە قويدى. بۇنىڭغا قاراپ دادامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن. ئوڭ قوۋزىمغا ئىككىنى، تىلىمنىڭ ئۈستىگە ئىككىنى، ئاستىغا ئىككىنى تىقىپ، قىزىق بولسىمۇ چىداپ تۇتۇپ يەپتىمەن. ناۋاي ئۇستام ماڭا:

— تارتىنماي يەۋەرسىلە، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ ئانامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن.

—كېيىن يەنە كېلىپ يەي، — دەپ ناۋايخانىدىن چىقتىم. قورسىقىمنىڭ تويغىنىغا خۇشال بولۇپ «ناي-ناي» غا ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتسام، ناۋاينىڭ شاگىرتى كەينىمدىن كېلىپ قولۇمدىن كاپ قىلىپ تۇتتى، چېلىشامدىكىن دەپتىمەن. پەم بىلەن بېشىمغا كۆتۈرۈپ چۆرگىلىتىپ-چۆرگىلىتىپ، ئۆزۈم بۇرۇن يىقىلىپ، ئۇنى ئۈستۈمگە سېپتىمەن. ناۋاينىڭ شاگىرتى ئورنىدىن قوپۇپ:

— سېلە يېگەن گۆشگىردىنىڭ پۇلى قېنى؟ — دېۋىدى، ھاڭ-تاڭ قاپتىمەن.

— ۋوي ئۇكام، مەزىگە قويغان گۆشگىردى-گە پۇل ئالامتىڭ؟ — دېسەم،

— ئەخمەقمۇ مەن بازارغا كەلگەنلەرنى مېھمان قىلىدىغان، — دېدى.

— ۋوي ئۇكام، پۇلدىن قۇتۇلالماي يۈرگىنىمگە نەچچە يىل بولغانتى، يانچۇقىمدىن ئۆزلۈك چاغلاپ ئېلىۋالغىنە، — دەپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردۇم. يەتتە يانچۇقىمنىڭ ئون يەتتە يېرىنى ئېشۈېتىپ ئاران يەتتە پۇل تېپىپتۇ. ئۇ ماڭا ئۈيدەك ئالىيىپ قاراپ:

— بۇ پۇل يەتمەيدۇ، — دېدى.

— يەنە نەچچە پۇل كەم؟

— ئوتتۇز ئۈچ پۇل.

— ئۇ پۇلۇڭنى يېنىشىمدا بېرىپ كېتەي، خۇدا ئۆمۈر بەرسە سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كېتەي، — دەپ، ئۇنى مىڭ تەسلىكتە قايتۇرۇۋەتتىم.

شۇ كۈنلەردە كىيىۋالغان ئۆتۈكۈم قالتىس نوچى ئىدى. غىسىلدىغان ئاۋازى بازارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئاڭلىناتتى. قانداقراق ئۆتۈككىن دەپ ھەيران قالماڭلار، بۇ ئۆتۈكنىڭ ساقىسى ئىككى غېرىچ، تاقىسى ئۈچ غېرىچ كېلەتتى. ئۆتۈككە توپا قونمىسۇن دەپ يولنىڭ قاتتىق يېرىدىن كېتىۋاتىمەن. بىردەمدىن كېيىن پۇتلىرىم سىرتماققا كىرىپ قالغاندەك قەدەم ئېلىشىم مۇشكۇللىشىپ كەتتى. كەينىمگە شۇنداق قارىسام، ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىن چىقىپ قالغان لاتا-پۇتىلار قاسساپنىڭ جىڭ-كانالىرىنى، باققالنىڭ سېۋەتلىرىنى، ناۋايلارنىڭ زىخ-چۇقاللىرىنى ئېلىۋېلىپ سۆرەپ كەپتۇ. بازاردا مۇشۇنداق ماڭغۇلۇق دەپ سۆرەپ تارتىپ كېتىۋەردىم، بىردەمدىن كېيىن قاسساپ، باققال، ناۋايلار كېلىپ بىرسى قولۇمغا، بىرسى دولامغا، بىرسى پۇتۇمغا ئېسىلىپ، مېنى مىڭ مۇشەققەتتە توختاتتى. ئاندىن زىخ-چوقال، جىڭ-سېۋەتلىرىنى پېتىر كۆمەچتىن قىل سۇغۇرغاندەك ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىن چىقىپ قالغان لاتا پۇتىلىرىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ كېتىشتى. مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار پايتىمىلىرىمنى تېرىپ تىقىپ، بىر قولۇمدا ئۆتۈكۈمنىڭ ساقىسىدىن يېرىپ تىقىپ، ئۆتۈكۈمنى ياماقچىغا يامىتىپ، بىر پېيىنى قىزىل، بىر پېيىنى قارا مايلىتىپ، تەۋەككۈلنى ئاللاغا قويۇپ، ئاق نانىنى ئۆزۈم يەپ، زاغرا نانىنى باللارغا قويۇپ، قېتىق ئىچكەن موللامدەك غىپىلداپ مېڭىۋەردىم. مېڭىپ-مېڭىپ بىر خىراۋاتلىققا چىقىپ قالدىم. غېرىبچىلىقتا بىر دەم ئارام ئالاي دەپ سارايغا كىرسەم، بىر لاتا قالپاق بېگىم ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرىسىغا، بوسۇغىنى توسۇپ توغرىسىغا يېتىۋاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بېگىم، — دېدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نەدىن كەلدىڭ، ئوغلۇم؟ — دېدى.

— بىزنىڭ مەھەللىدىن.

— سېنىڭ مەھەللەڭ نەدە؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا.

— نېمە ئىش قىلاي دەپ كەلدىڭ؟

— ئۆزلىرىگە باشلىق بولاي دەپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى ئۆيدەك چەكچىيىپ.

— ئۆزلىرىگە باخشى بولاي دەپ كەلدىم، — دەپ گېپىمنى ئۆزگەرتىۋالدىم.

— باخشىلىقتىن خەۋىرىڭ بارمىدى، قانداقنى ئوينايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئوينىغاندىكىن جىڭ ئالا بوزنى ئويناي، — دېدىم.

— ئەمسە ئۆيدىكى قونداقتا بەش دانە قارچىغا قوندۇرۇقلۇق، ئۆزۈڭ چاغلاپ بىرنى ئېلىپ چىقىپ ئوينىغىن، — دېدى. مەن بەش قارچىغىدىن بىرنى قولۇمغا قوندۇرۇپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قوندۇرۇپ، سوغۇققا راسا توڭدۇرۇپ، «ناي-ناي-ناي» غا ناخشا توۋلاپ، مازارمۇ مازار، بازارمۇ بازار مېڭىۋەردىم.

قارچىغىنى قونداققا قوندۇرۇپ قويسام ئولتۇرالمىدى. «قورسىقى ئاچقان ئوخشايدۇ، نېمە يېگۈزسەم بولىدىكىن؟» دەپ ئويلىنىپ تەكچىگە قارىسام ئىككى ئاياقتا قېتىق تۇرىدۇ. قېتىقنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىغا قويسام ئىچمىدى. «نان چىلاپ بەرسەم ئىچەمدىكىن» دەپ، قوشنىلاردىن خامان ۋاقتىدا بېرىشكە ئىككى ئارپا نېنى ئۆتنە ئالدىم. ئىككىمگە تويىماسمىكىن دەپ تۆتنى ئالدىم. نانىنى قېتىققا چىلاپ ئالدىغا قويسام يەنە يېمىدى. تارتىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈم يېگۈزۈپ قوياي، دەپ قارچىغىنى ئىككى تىزىمغا قىسىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزىنى يېرىپ ئولتۇرۇپ بۆگۈنكى چاققان جۇۋانلار قوشۇقنىڭ دەستىسىدە ياغلىق ئۈچەي قۇيغاندەك سىقچىلىغىلى تۇرۇۋېدىم، بىر ئاياق قېتىق بىلەن ئىككى ئارپا نېنى تۈگىگەندە قارچىغا «غىق» قىلىپ بىرنى كەكىردى. «قورسىقى تويدى، پۇت-قولىغا ماغدۇر پەيدا بولدى» دەپ ئويلاپ قونداقتا قوندۇرۇپ

قويسام، يەنە ئولتۇرالمىدى. لاتا قالپاق بېگىم:

— ئوغۇل بالا چاققان! — دەپ مېنى چاقىردى.

— خوش بېگىم، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم.

— قارچىغا قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— سېۋەتكە باستۇرۇپ قويدۇم.

— ھەي ئوغرى، سېۋەتكە باستۇرۇپ قويغىلى ئاناڭنىڭ قاردا قالغان قوشقىچىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ قارچىغىلىرى.

— يۈگۈرگىنە، قارچىغىنى ئېلىپ چىق، — دېدى. كىرسەم قارچىغا قېتىقنى قۇسۇپ يېتىپتۇ. تۇمشۇقىنى پاكىز سۈرتىۋېتىپ، پالاق-شالاقلىتىپ كۆتۈرۈپ چىقتىم.

— ھەي ئوغرى، ئاۋايلاپ ئېلىپ چىقساڭ بولمامدۇ؟ بىر قارچىغا دېگەن نەچچە پۇل؟ مەدىكار دېگەننى ئەستاغپۇرۇللا...

— بېگىم قورسىقىنىڭ توقلۇقىغا شوخلۇقى تۇتۇپ كېتىپ باشقۇرماق تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇنى.

— ماڭا بەرگىنە، — دەپ قولۇمدىن سىلكىپلا ئالدى. ماڭا ئوبدان باھانە تېپىلدى:

— بۇنداق سىلكىسىلە قارچىغا تۈگۈل ئادەممۇ ساق قالمايدۇ بېگىم. بۇرۇن قىرىق توققۇزى كەم ئەللىك قارچىغا كۆندۈرگەنمەن، بۇنى كۆندۈرسەم ساقمۇ ساق ئەللىك بولاتتى. قارچىغا دېگەن جېنى نازۇك جانىۋار، سىلكىشلىرىگە چىدىماي ئۆلۈپ قالدىمكىن دەيمەن.

لاتا قالپاق بېگىم قارچىغىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىگە قاراپ بېقىپ:

— ھەي ئوغرى، قېتىق ئىچكۈزدىڭمۇ بۇنىڭغا؟ — دېدى.

— يوقسۇ بېگىم، قېتىق ئىچكۈزمىدىم.

— ماڭغىنا ئوغرى، قېتىقنى ئېلىپ چىق، — دەپ ۋارقىرىدى. «ئەمدىغۇ بالانىڭ چوڭ كاللىسىغا ئۇسسۇدىغان بولدۇم» دەپ قورقتۇم. بوسۇغىدا پىلىشقاندەك، بېگىم بىلەن قېرىشقاندەك پالاقشىپ قويدۇم.

— ھەي ئوغرى، قېتىقنى تۆكتىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— يوقسۇ بېگىم، قېتىق قولۇمدا بار، ئاياقنى تاپالمايۋاتىمەن.

— يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ - يا؟

— يىقىلىپ چۈشمىدىم، ئورنۇمدىن قوپالمايۋاتىمەن، — دېدىم.

—چاققان ئالدىمغا چىق، — دەپ ۋارقىرىدى. يۈگۈرگەنچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.

—بۇ قارچىغا ئۆلۈپ قاپتۇ، يىراققا تاشلىۋەت، — دېدى. قارچىغىنى تاشلىۋېتىشكە پايلىماي كاللامغا تەلپەك قىلىپ كىيىپ، راۋاپنىڭ تارىسىنى بوم قىلىپ، بۇ يەرگە كەپقالغىنىمغا غوم قىلىپ، ياخشى غىزا تاپسام ئاغزىمغا كوم قىلىپ، ئاپتاپلىققا چىقىپ ياتتىم. بىر چاغدا:

— ئوغۇل بالا چاققان، — دەپ قىچقاردى.

— خوش بېگىم، — دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردىم.

— بىكار يۈرسەڭ بۇزۇلۇپ كېتىسەن، خىزمىتىڭگە بىر مەدىكار قوشۇپ بېرەي، پاكار ئېشەكتىن بىرنى توقۇپ بېرەي، بىر لاچىنىم بار ئاپىرىپ كۆندۈرۈپ كەلگىن، — دېدى.

— ئوبدان، شۇنداق قىلاي بېگىم، — دەپ يولغا چىقتىم. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن يېنىمدىكى خىزمەتچىم:

— ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى بىر نەرسىگە سالغاچ ماڭماملا، — دېدى. «بۇ لاچىن كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئادەملەرنىڭ ئوخشايدۇ، يوشۇرۇپ ماڭسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ، ئېشەكنىڭ بېلىدىن سەكرەپ چۈشتۈم، لاچىننى چاپاننىڭ يېڭىگە سېلىپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ تۆپىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇۋالدىم.

خىزمەتچىم ھەيران بولۇپ:

— ئاداش ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى ئاۋۇ ساسلىقتىكى ئۆردەك، قاشقالداقلىققا سالامدىكىن دېسەم، ئاستىلىرىغا باسۇرۇپ ئولتۇردىلا. سىلە لاچىننى كۆندۈرۈشنى بىلمەيدىكەنلا، سىلە قايتىپ كەتسىلە، لاچىننى ئۆزۈم كۆندۈرۈپ چىقاي، — دېۋىدى، بۇ گەپ ماڭا خۇش ياقتى. ئېشەك بىلەن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان لاچىننى ئۇنىڭغا بېرىپ، كەينىمگە

ياندىم. بېگىمنىڭ ئېغىچە كىشىگە كۆرسەتمىگەن موينا جۇۋىسىنى دولامغا غېرىبچە ئارتىپ «ناي-ناي-ناي» غا ناخشا توۋلاپ، قەدەمنى كىچىك بېسىپ ئالدىرىماي ماڭدىم. دىڭ قۇلاق ئالا تاغىل دەپ بىر ئىتىم بار ئىدى. ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگىلى كەپتۇ دەپ خۇشال بولدۇم. موينا جۇۋىنى دىڭ قۇلاق تاغىلنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئىككى بېشىدىن تۆشىنى چىڭ تارتىپ قويدۇم. دىڭ قۇلاق ئالاتاغىل جۇۋا بىلەن تالىشىپ، چىشلەپ تارتىپ بەزى يېرىنى باشتەك، بەزى يېرىنى ياپىلاق تاشتەك ئۈزۈپ تاشلاپ مېڭىۋەردى. مەن بىرنىمۇ قويماي تېرىپ يىغىپ لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ئىگەر-توقۇم قويىدىغان ئۆيىگە تۆكۈپ قويدۇم. ئۇخلاپ ياتقان بېگىم مېنىڭ شەپەمنى ئاڭلاپ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئوبدان چاغدا كەپسەن ئوغلۇم، بەزگەك بولۇپ قالدىم، ۋاي سوغۇق، موينا جۇۋامنى ئۈستۈمگە يېپىپ قويغىنا، — دېدى. جۇۋىنىڭ پارچىلىرىنى پۈتى تەرەپتىن تىزىپ بېلىگە كەلگەندە بېگىم ئوڭ يان تەرىپىگە ئۆرىلىۋېدى، جۇۋا چۇۋۇلۇپ كەتتى. قايتىدىن كاللىسى تەرەپتىن تىزىپ بېلىگە قەدەر يېپىپ قويسام، سول يان تەرىپىگە يەنە بىر ئۆرىلىۋېدى، جۇۋا يەنە چۇۋۇلۇپ كەتتى. بېگىم:

— ۋاي سوغۇق، هوي ئوغرى، جۇۋىنى تېزرەك ياپقىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مىدىرلىماي ياتسىلا بېگىم، بولمىسا جۇۋا چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.

— چۇۋۇلۇپ كەتكىلى ياۋا قارىسايلىقنىڭ كونا سېۋەتلىرىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ موينا جۇۋىسى.

— ماڭغىنا ئوغرى، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ كۆزىنى ئالايتتى. قورقۇپ قېچىپ تاشقارقى دەرۋازىدىنمۇ ھەرگىز توختىمىدىم، ئوتتۇرا ئىشىكتە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدىم.

— نېمىشقا كەتمەي تۇرىسەن؟

— كېسەللىرى ئېغىركەن، ئۆلۈپ قالسىلا ئىگەكلىرىنى تېڭىشقا لازىم بولارمەن، — دېدىم. ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلىشىپ جان تالاشقىلى تۇردى. قاراپ تۇرسام ئەزرائىل مەندىنمۇ سورىماي، ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن يىپ سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. كۆزۈمگە لىق ياش ئېلىپ، قاپاقتىن سۇ تۆككۈلگەندەك يىغلاپ كەتتىم: «قاراپ تۇرسامەن، ئۆلۈپ كەتتىڭ سەن، ئۆلسەڭ سەن ئۆلدۈڭ، ماڭا نېمە غەم. ئايىغىڭىزغا بارسام، بېشىڭىز قالدى بېگىم، بېشىڭىزغا بارسام، ئايىغىڭىز قالدى بېگىم. خۇدا يارىتىپتۇ تاغ ئارىسىدا بۇ ساينى، قاچانغىچە سىزنى يادلاپ ئىچەلمەي يۈرىمەن چاينى!؟ كىشىنىڭ شەھىرىدە غېرىبچىلىقتا تۇتۇلدۇم، سىزدەك گالۋاڭ بېگىمدىن خويمۇ ئوبدان قۇتۇلدۇم، ئاچلىقتىن ئۆلدىمىكىن دېسەم، ياتقان يېرىڭىزگە تەرەت قىلىپ يېتىپسىز بېگىم، توڭلاپ ئۆلدىمىكىن دېسەم، تەرلەپ كېتىپسىز بېگىم، ئاھ بېگىم...» مۇشۇ تەرىقىدە ئۇزۇنغىچە يىغلىدىم. ئاندىن مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار ئىمام بولدۇم. قاناتلىق قارا جامائەتلەر مېھمان بولدى. بېگىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنداق قىرائەت ئوقۇدۇم:

«ئاللاھۇممە بارىكاللا، ياغ ئالدىم دەپ جىگەر بىلەن بۆرەك ئالار، ئاياقۇ-قوشۇقۇ، قازانۇ-تۇۋاق، باۋا-قاراساي، جىگدە قۇدۇق، تەنكۆل، بۇلاقا، ئاق ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، سەيۈەھەم مۇناقا، ئات-ئېشەك، قوي-ئۆچكە، كالايۇ-توپاقا، ئۆرۈك-شاپتۇل، بېھى-ئەنجۈر، ئالما-ئانار، ياڭاقا... ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ياتقان يېرىنى دوزاخنىڭ تۆۋرىكى يېنىدىن قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر».

ئېيتىپ بەرگۈچى: **خۇدۇمبەردى ئاخۇن**

توپلىغۇچى: **مەتمىن قۇربان**

(«قاراقاش خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى)

# ھەزرىتى لوقمانى ھېكىمنىڭ كۆيئوغلى

ھەزرىتى لوقمانى ھېكىمنىڭ زامانىسىدا پادىشاھلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ھەممىسى لوقمانى ھېكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆز كېسەللىرىگە شىپالىق تېپىپ كېتىشىدىكەن. ئايلار-يىللار ئۆتۈپتۇ. لوقمانى ھېكىم شۇنىڭغا دىققەت قىپتۇكى، كۆيئوغلى يۇسۇپ ئاغرىپ قالدىم، دەپ بىرەر قېتىممۇ ئالدىغا كېلىپ باقماپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان لۇقمانى ھېكىم قىزىنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— قىزىم، ئېرىڭ ئانچە-مۇنچە ساقسىز بولۇپ قالىدىغاندۇ؟

— ياق، دادا، ئۇنىڭ ئاغرىپ باققىنىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن.

— ئېرىڭنىڭ بىرەر ئىشىنى سەزدىڭمۇ؟

— ھەر كۈنى سەھەردە بىر بۇردا ناننى ناشتا قىلىپ ئاندىن باشقا ئىشنى قىلىدۇ.

— خوش، مۇنداق دېگىن، ئەتىدىن تارتىپ نان يوق، دەپ نان بەرمىگىن.

— ماقۇل، دادا، — دەپتۇ قىزى ۋە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، كۆيئوغلىنىڭ كېسەللىكىدىن بىرەر خەۋەر بولماپتۇ. لوقمانى ھېكىم قىزىنى يەنە چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— مەن دېگەننى قىلدىڭمۇ؟

— قىلدىم، ئەمما نان ئورنىغا سۇ ئىچىۋالىدىغان بولدى، — دەپتۇ قىزى.

لوقمانى ھېكىم بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن قىزىغا تاپىلاپتۇ:

— ئەتىدىن تارتىپ، سۇ ئەكىرىپ قويماپتىمەن دەپ سۇمۇ بەرمىگىن.

خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەن بولسىمۇ يەنىلا كۆيئوغلىنىڭ ساقسىزلىقىدىن بىرەر خەۋەر بولمىغاچقا، لوقمانى ھېكىم قىزىنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— سۇ بەردىڭمۇ؟

— ياق، دادا، نان، سۇ دېگەنلەرنى بەرمىدىم. ئەمما بورىنى ئۆرىۋېتىپ، بىر چىمدىم توپىنى ناشتىسىغا كاپ ئېتىدىغان بولدى، — دەپتۇ قىزى. لوقمانى ھېكىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن قىزىغا قاراپ:

— ئەتە ئېرىڭ كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتسۇن، — دەپتۇ.

ئەتىسى لوقمانى ھېكىم خوتۇنىغا ساپ ئۆچكە يېغىدا پولۇ ئېتىشنى ئېيتىپتۇ ۋە بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كۆيئوغلى كەپتۇ، داستىخان سېلىنىپ ئاش تارتىلىپتۇ. كۆيئوغلى ئىشتەي بىلەن ئاش يېگىلى تۇرۇپتۇ.

— چاي ئەكىلىڭلار خوتۇن، — دەپتۇ لۇقمانى ھېكىم.

— ھېلى دەملەپ قويسام مۈشۈك ئۆرۈۋېتىپتۇ، ھازىر چاي دەملەي، — دەپتۇ خوتۇنى.

— چاي بولمىسا سۇ بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دەپتۇ كۆيئوغلى ۋە سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ ئاشنى يەۋېرىپتۇ. دۇئا-تەكبىردىن كېيىن كۆيئوغلى خوتۇنىنى ئېلىپ بىرگە ئۇزاپتۇ. لوقمانى ھېكىم بولسا ئۆز ئىچىدە ئەمدى كېسەل بولمىغىنىنىڭ كۆرەي، ھازىر

ئۇچىيىك توڭلاشقا باشلىدى، بىر ئازدىن كېيىن قورسىقىڭ ئاغرىپ يۇملاشقا باشلايـ- سەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئاشپىشىم ئۆتۈپتۇ، كەچ بولۇپتۇ، خەۋەر يوق. كۈن ئۆتۈپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپتۇ، خەۋەر يوق، بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالغان لوقمانى ھېكىم كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. لوقمانى ھېكىمنى كۈيئوغلى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. لۇقمانى ھېكىم پاراڭلاشقاچ كۈيئوغلىنىڭ چىرايىغا تازا دىققەت بىلەن قاراپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن ساغلاملىق، نۇرانىلىقتىن باشقا نەرسىنى سېزەلمەپتۇ. شۇ چاغدا كۈيئوغلى بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. لۇقمانى ھېكىم تەقەززالىق بىلەن قىزىدىن سوراپتۇ:

— ئۆتكەن كۈن ئېرىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟

— ياق، دادا، ھېچ قانداق ئەھۋال بولمىدى.

— ئېرىڭ ئىشنى سەزدىڭمۇ؟

— ئۆيدىن چىقىپ بازاردىن بىرنەچچە باش پىياز سېتىۋالدى، ئۆيگە بارغىچە يەپ ماڭدى.

شۇ چاغدا لۇقمانى ھېكىم بىرنى چوڭقۇر تىنىۋېلىپ:

— مەن ئۆزۈمنى دۇنيادا بىردىنبىر تەڭداشسىز تېۋىپ دەپ يۈرگەنىدىم، كۈيئوغلۇم مەندىنمۇ ئۇستا تېۋىپ ئىكەن، مەن بۇنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن. بۈگۈن مەن ئۇنىڭغا رەسمىي قول قويدۇم. كەمتەرلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆگەنسەم بولغىدەك، — دەپتۇ.

توپلىغۇچى: **ۋاھاپجان رازىق**

(«يەكەن خەلق چۆچەكلىرى»دىن ئېلىندى)

## ماقال-تەمسىللەر

قىيامەت بولسا چوڭ شەھەرگە قاچ.

قوينىڭ پوقىمۇ ئالتۇن.

ئېشەك ئالساڭ توقۇمى بىلەن ئال.

ياشنىڭ مۇددىئاسى بار،
قېرىنىڭ دۇئاسى (بار).

يانتاقتىن قورققان ئوتۇنچى ئەمەس.

ئوڭ قولۇڭ سەدىقە بەرسە، سول قولۇڭ تۇيمىسۇن.

بەختنىڭ ئوڭ قولى ئەمگەك، سول قولى تېجەش.

سارتنىڭ سەھىرى ئاشۋاقتى.

گۇناھكار بولۇپ كەلسەڭمۇ، قەرزدار بولۇپ كەلمە.

ھاجىنىڭ چۈشىسە ئىتىنىمۇ «قېرىندىشىم» دەرسەن.

كۆپنىڭ پۇلى چاقماق قەنت، قاياقتىن تىلىڭ يەتسە تەمى چىقىدۇ.

مىراستىن مۈشت تەگسىمۇ ئال.

قىز بالا ياتقا قول تۇتقۇزماس،
ئوغۇل بالا سودىدا ئۇتقۇزماس.

ئەقىل بازارغا كىرمەيدۇ.

قايغۇرغاندىن يالۋۇرغان يامان.

ئالا كۆڭۈلنىڭ كۆزى باق،
قارا كۆڭۈلنىڭ سۆزى (باق).

# « دەرد-داغ » مۇقامى توغرىسىدىكى قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان
ئابلەق ئاۋامىسلىم

## كىرىش سۆز

« دەرد-داغ » مۇقامى تۇرپان ۋادىسى، جۈملىدىن توقسۇندا ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان يەرلىك مۇقام. « دەرد-داغ » سۆزى « كۆڭۈلدىن چىقمايدىغان دەرد ئەلەم دېگى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

« دەرد-داغ » مۇقامى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە تارىخي كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىللە بولۇپ، خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق كۈنلەردە بىردەممۇ ئايرىلىپ قالغىنى يوق. ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاددىيلىقتىن مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك رەتلىنىش، تولۇقلىنىش، نوتىغا ئېلىنىش باسقۇچىغا كىردى.

بۇ مۇقام 1987-يىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىتىلدى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تارقاتتى. بۇ ئارقىلىق « دەرد-داغ » مۇقامى يورۇقلۇققا چىقتى، « دەرد-داغ » مۇقامى تېما قىلىنغان ياخشى پىكىر-پاراڭلار ئاستا-ئاستا كېڭىيىشكە باشلىدى ھەمدە ئەكسىچە « پالانى مۇقامنىڭ ئۆزگەرتىپ ئېيتىلغان شەكلى بولۇپ قاپتۇ » ، « پۇستانى مۇقامنىڭ پالانى يېرىگە ئوخشايدۇ » ، « يەرلىك ئەلنەغمە » دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىي ئاساسى بولمىغان پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

شۇڭا بىز « دەرد-داغ » مۇقامىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە تېكىستولوگىيىلىك تۈزۈلۈشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مۇقام شەكلىگە كىرگەن-كىرمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا 12 مۇقامنىڭ بىر ۋارىيانتى بولغان يەرلىك مۇقام، دەپ ئېيتىشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

### 1. « دەرد-داغ » مۇقامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

مۇقام مىلادىدىن بۇرۇنقى « خۇ » لار (ئۇيغۇرلار) نىڭ روشەن مەدەنىيەت بايلىقىدۇر. بىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى كەۋدىلىك پاكىتلار

بىلەن ئىسپاتلايدىغان دۇڭخۇاڭ تۇرپان مورتۇق «بېزەكلىك» مىڭ ئۆي غارلىرىدىكى تام رەسىملەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇزىكا چېلىپ مۇقام ئورۇنلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىنىمىزدە مۇقام قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار بار يەرنىڭ ھەممىسىدە مۇزىكا بار، ناخشا بار. قوچو ئۇيغۇرلىرىدا ئاممۋى خاراكتېرلىك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى كەڭ ئەۋج ئالغان. بۇ يەرنىڭ خەلقلىرى ئويۇن-تاماشىغا ئامراق بولۇپ، سىرتقا چىققاندا دائىم چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىرگە ئېلىپ يۈرگەن. باھار پەسىللىرىدە خەلقلەر بوددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا تاماشىغا بېرىپ توپ-توپ بولۇپ كۆڭۈل ئېچىشىدىغان ھەمدە ئاتلارغا مىنىپ ئوقيا بىلەن تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئاتقان④. مانا بۇ مەنبەنىڭ ئۆزىلا تۇرپان ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە پەزىلىتىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان دەلىلنىڭ ئۆزىدۇر. مۇقام ئەنە شۇ توپ-توپ بولۇپ سەيلىگاھلاردا كۆڭۈل ئېچىشنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئۇزاق تارىخىدۇر. ئاكادېمىك بارتولىد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچرىكى» دېگەن ئەسىرىدە شۇۋەنجاڭنىڭ غەربىي تۈرۈكلەر (سۇياپ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) خاقانى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەپ:«...مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە چوڭ زىياپەت باشلىنىدۇ. مۇزىكا ئاۋازىنىڭ ياتلىقىغا قارىماي قۇلاقنى لەززەتلەندۇرۇپ، جاننى راھەتلەندۇرۇپ كۆڭۈلنى خۇش قىلغان» لىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغانىدى.

توپلىشىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان («مېلىس»، «ئەلنەغمە») سورۇنلىرى ھەر خىل ئاھاڭ شەكىللىرى، مىللىي ئۇسلۇپ، مىللىي پۇراق، مۇزىكىلىق تىل ۋە مۇزىكىلىق ھېسسىيات ھاسىل قىلىدىغان ئاساسلىق سورۇنلاردۇر. مۇقامدىن ئىبارەت بۇ كۆي مۇشۇ سورۇنلاردا ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. شۇنداقلا مۇشۇنداق سورۇنلار مەشھۇر 12 مۇقامنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش «دەرد-داغ» مۇقامىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دېيىشكە ھەقلىقمىز.

«دەرد-داغ» مۇقامى ئۇزاق يىللار داۋامىدا مېلىس-مەشرەپلەر، توي-تۆكۈن، ھېيت-بايراملاردا ئېيتىلىپ مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنى باشتىن-ئاياق ئورۇنلايدىغان مۇقام ئۇستىلىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇ مۇقام گاھىدا پارچىلىنىپ گاھىدا تولۇقلىنىپ خەلقتىن ئىبارەت بۇ مۇزېي ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرى تۇرسۇن رۇسۇل قاتارلىق يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق رەتلەشكە ئېرىشىپ دەسلەپكى قەدەمدە كىشىلەرگە تونۇلدى ۋە تارىخىي ئورنىنى تاپالىدى. پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەردىن ئابلىتىپ كېۋىر، نايىپ توختى، قۇربان جاڭگو ۋە تۇردى قاتارلىقلار يېقىندىن ياردەمدە بولدى، يولداش ئابلەق ئاۋامسلىم نوتىغا ئېلىپ رەتلىدى. بۇ مۇقام تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن دەرد-ئەلەملىرىنى ئەكس-ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تارىخىي مۇقام بولۇپ، ئۇ تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ پىغانلىق ئۆتمۈشىنى، ئەركىن-ئازادلىق، چىن مۇھەببەتكە

بولغان ئارزۇ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇلۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان سەييياھ ۋاڭ يەندى ئىدىقۇتقا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى، چالغۇ ئەسۋاب خىللىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى، ھەتتا بارىت ۋە قالۇن قاتارلىق مۇزىكىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتقان. يەنە بىر دەلىل-ئىسپات شۇكى، ھازىر ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر توقسۇننىڭ كۆجەي دېگەن يېرىدىكى قىياتاش سۈرەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىنى ئىسپاتلىدى. يەنە شۇ يەردە دەستىسگە قارا يىلىم بىلەن پەدە باغلىغان بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ دەستىسىمۇ چىققان (ھازىر تۇرپان ئاسار — ئەتىقە ئورنىدا) دېمەك، توقسۇندا مۇزىكا، ناخشا ئۇسسۇل، مۇقاملارنىڭ پەيدا بولۇشىنى پۈتكۈل تۇرپان ۋادىسىدىكى يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئورتاقلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

قۇمۇل، لاپچۇق، قارا تۈۋە دېگەن جايلاردا بەزى پېشقەدەملەر «دەرد-داغ» دېگەن ناخشىلارنىڭ بارلىقىنى، ئاھاڭلار ئۆزگەرتىلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتقان.

پىچان-لۈكچۈن مۇقاملىرى ئىچىدە «كونا چەبىيات»،«يېڭى چەبىيات» دېگەن ئىككى مۇقامنىڭ ئىسمى بار ئىكەن. پېشقەدەم ھەۋەسكارلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يەردىمۇ «چەبىيات»نى «دەرد-داغ» دەيدىكەن.

ئوخشاشلىقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭچە «دەرد-داغ» مۇقامى تۇرپان «چەبىيات مۇقامى» ئاساسىدا راۋاجلانغان، شەكىل جەھەتتىن كلاسسىك 12 مۇقامغا ئوخشايدىغان، 12 مۇقامنىڭ تۇرپان ۋادىسىدىكى ۋارىيانتى بولغان ئەنئەنىۋى يەرلىك مۇقامدۇر.

## 2. «دەرد-داغ» مۇقامىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

«دەرد-داغ» مۇقامىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى كلاسسىك 12 مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىدەك ئۇنداق مۇكەممەل، مۇرەككەپ، رىتىملىق، كۆپ ئۇدارلىق ۋە يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىسگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئومۇمىي قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ.

(1) «دەرد-داغ» مۇقامى 12 مۇقامغا ئوخشاشلا چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

(2) «دەرد-داغ» مۇقامىدىمۇ 12 مۇقام تەركىبىگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئىتىدىكى ئۈچ ئاساسلىق ئامىل بولغان ناخشا، ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن.

(3) «دەرد-داغ» مۇقامىنىڭ بارلىق نەغمىلىرىنىڭ باشتىن-ئاخىر تىزىلىش تەرتىپى ئۇدار-رىتىملىرى 12 مۇقامنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

«دەرد-داغ» مۇقامى كلاسسىك 12 مۇقام ۋە دولان مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى قاتارلىق يەرلىك مۇقاملاردىن ئۆزىنىڭ مۇئەييەن كۆپ شەكلى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

«دەرد-داغ» مۇقامى باشلىنىش بىلەن بۇ مۇقام ئۆز تەركىبىدىكى نەغمەلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە ئاھاڭلار بىر-بىرگە ئۇلىنىپ داۋاملىشىدۇ. داستان قىسمى چوڭ نەغمە داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم ئۆزئارا بىرىكىپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل

قىلىدۇ. بۇ خىل ئورگانىك پۈتۈنلۈكنى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقامىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى بىلەن سىڭىشتۇرغاندا مۇقاملىق سالاھىيىتىگە تولۇق توشىدۇ. شۇڭا ئۇنى تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر سەنئەتخۇمار ئەجدادلارنىڭ 12 مۇقامنى بېيىتىش داۋامىدا بارلىققا كەلتۈرگەن سەنئەت مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ.

« دەرد-داغ » مۇقامىدا بىر مۇقەددىمە، 27 نەغمە، 6 چۇشۇرگە، 7 مەرغۇل بار. بۇ مۇقامنى پېشقەدەم مۇقامچىلار « 9 چىكىت »، « يالاڭ چىكىت »، « جۇلا »، « چۇشۇرگە »، « قوش دۇم »، « دۇمباق دۇم » دېگەندەك نەغمە ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتايدۇ. مۇقام مۇقەددىمىسىنى ساتار ياكى داپ بىلەن مۇقام ئۇستازى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن شېرىكلىرى قوللىرىدىكى داپ مۇزىكىلىرىنى تەرتىپلىك رىتىم بىلەن ئۇرۇپ، باشتىن-ئاياق ناخشىلارنى بىر بىراقى ئورۇنداپ ئىزچىل ھالدا ماسلىشىدۇ. سورۇندىكىلەر مۇقام نەغمىسىنى ئورۇنداۋاتقاندا ئەر-ئايال ئۇسسۇلغا چۈشۈپ سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرىدۇ. » ⑥.

## 3. « دەرد-داغ » مۇقامىنىڭ تېكىستولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى توغرىسىدا

« دەرد-داغ » مۇقامىنىڭ تېكىستىمۇ خۇددى مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىغا ئوخشاشلا مەزمۇن جەھەتتىن ئورگانىك باغلىنىشقا ئىگە. تېكىستلەر غەزەللەردىن تەركىب تاپقان.

« دەرد-داغ » مۇقامىغا تەڭسىزلىكنى، چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمنى قامچىلىغان. ناۋايى، ھەۋەيدا، شامە شېرەپ، ئەمرى، فۇزۇلى، نۆبىتى قاتارلىقلارنىڭ ئېقىپ تۇرىدىغان غەزەللىرى بۇ مۇقامنىڭ ئاممىۋىلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ مۇقامنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا « دەرد-داغ » مۇقامىنىڭ خېلى كۆپ سالمىقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان قوشاقلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قوشاقلاردا ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان پاك مۇھەببىتىنى، ۋاپادارلىقىنى، ھىجران مىنۇتلىرىدىكى تەشنالىقىنى، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئالتۇن دىيارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھارلايدۇ.

« دەرد-داغ » مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىدىكى بارلىق غەزەللەر مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە بەدىئىيلىك جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلاش، يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق ئاڭلىغان كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان تەبىئىي ئارتۇقچىلىقنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

« دەرد-داغ » مۇقامىنىڭ بۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى تەتقىقاتلار جەريانىدا تولۇقلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

پايدىلانغان كىتابلار

(1) « تۈركىي تىللار دىۋانى » بىرىنچى توم 36-بەت.
(2) ۋىرنىر تۇماس « توخار تىلى دەرسلىكى » 2-قىسىم 47-بەت.
(3) « جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى » 125-بەت سودا نەشرىياتى لى تيەننەن [غەربىي خەن دەۋرىدىكى مۇزىكانت ۋە سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئوردا خادىمى).
(4) « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » 1-قىسىم 257-بەت.
(5) « ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە » ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن.
(6) « توقسۇن تارىخى » 3-قىسىم 2-باب 3-بۆلۈم « دەرد-داغ مۇقامى ».

# ئېلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى

ئېلاخۇن كۆككۆزنىڭ ھاياتى، باتۇرلۇقى ھەققىدە خەلق ئىچىدە رىۋايەت تولا. ئۆزىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەل ئارىسىدا ئىسمى دائىما يادلىنىپ تۇرىدۇ.

ئېلاخۇن تىلىۋالدى ئوغلى 1866-يىلى غۇلجا شەھىرى قازانچى مەھەللىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمدىلا بىر ياشقا تولغاندا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن قېقىلىپ، سوقۇلۇپ چوڭ بولدى. ئېلاخۇن كىچىكىدىنلا ناخشا-سازغا خۇشتار بولۇپ، خەلق ئارىسىدا تونۇلغان داڭلىق ناخشىچىلار، سازەندىلەرگە ئەگىشىپ يۈرۈپ، ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىشنى پۇختا ئۆگەنگەن، سادىرنىڭ قوشاقلىرىنى يادقا ئېيتىپ تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا تونۇلغان ئىدى. ئۇ ئۆتكۈر زېھنىلىك بولغاچقا، ھايات ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن ھازىر جاۋاب قوشاقچى بولۇپ تونۇلدى. ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى، توقۇغان مەنالىق قوشاقلىرى خەلق ئارىسىغا «ئېلاخۇن كۆككۆز ناخشىلىرى»، «ئېلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى» دەپ تاراپ كەتكەن.

ئېلاخۇن قوشاقچى بىر ئەسىردىن ئارتۇق ياشىغان بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى زۇلۇم، ئازاب-ئوقۇبەتتە ئۆتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ناخشا-قوشاقلىرىدا غەم قايغۇسى، ئەزگۈچىلەرنىڭ قانخور ئەپتى-بەشىرىسى، ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك قىلمىشلىرى ئېچىپ تاشلاندى.

دادامنىڭ ئېلاخۇن ئاكىنىڭ جەسۇرلۇقى ھەققىدە ئەل ئىچىگە مۇنداق بىر رىۋايەت تاراپ كەتكەن: قەشقەردىن بىر كىشى ئىلىدا ئىشلەپ پۇل تاپقىلى چىققان ئىكەن، ئۇنى چېرىكلەر تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىگە يەرنى كولىتىپ تىرىك كۆمۈپتۇ. بۇ ھالنى يولدا كېتىۋېتىپ كۆرۈپ قالغان ئېلاخۇن ئاكا چىداپ تۇرالماي چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆمۈپ ھېلىقى قېرىنداشنى قۇتۇلدۇرىۋالغان ئىكەن. شۇ ۋەقەدىن كېيىن باسقۇنچىلار ئېلاخۇننى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى يامۇلغا سولايدۇ. خەلق غۇلغۇلا كۆتۈرۈپ بەگلەرنى تەشۋىشكە سالىدۇ. شۇندىمۇ زالىملار ئېلاخۇننى بىر يولى يامۇلدا چىرىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلىپ 1929-يىلى كەچ كۈزدە ئۇنى ئۈرۈمچىگە پالايدۇ.

1933-يىلى ئېلاخۇن يامۇلدىن قۇتۇلۇپ غۇلجىغا يېنىپ كېلىدۇ. زالىملار يەنە ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ئارقىسىغا پايلاقچىلارنى سېلىپ قويىدۇ. بۇنى سەزگەن ئېلاخۇن غۇلجىدىن باش ئېلىپ كېتىپ بالا-چاقىسى بىلەن تېكەسكە ئورۇنلىشىدۇ. بۇ بىپايان مۇنبەت زېمىندا باغ پەيدا قىلىشنى ئارمان قىلىپ غۇلجىدىن ئىلى ئالمىسىنىڭ كۆچەتلىرىدىن ئېلىپ چىقىپ تېكەستە تۇنجى باغ بەرپا قىلىدۇ. بۇ باغ تا مۇشۇ كۈنلەردىمۇ بار بولۇپ، خەلق ئۇنى «ئېلاخۇنكام بېغى» دەپ ئاتايدۇ.

ئېلاخۇن ئاكا 50-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ياشايدۇ. ئۇ ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ ئازاد يېزىسىدا 1970-يىلى 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بىر ئەسىردىن ھالقىپ ياشىغان ئېلاخۇن
كۆككۆزنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى خەلق قەلبىدە
پۈتمەس خەزىنە سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇچۇپ يۈرگەن قارلىغاچلار
بالىسىغا دان بەرگەن.
مېنىڭ ئاتام رەھمەتلىك
بىر يېشىمدا جان بەرگەن.

تىلىۋالدى دەر دادامنى،
مەن كۆرمىگەن ئاتامنى.
كىچىك قېلىپ ئانامدا،
كىر قىلمىغان ياقامنى.

بىز بۇ ياققا كەلگەندە،
ئانامنىڭ مىنگىنى ئۆكۈز.
ئۆزۈمنىڭ ئېتىم يوقتەك،
ئەللەر دەيدىكەن كۆككۆز.

جىرغىلاڭدا باغ تولا،
ئىلىخودا بەگ تولا.
بۇ بەگلەرنىڭ زۇلۇمىدىن
يۈرىكىمدە دەرد تولا.

ئىلىخودا ئاۋرال تاغ،
ئورتاسىدىن قاش ئاقۇر.
زامانە شۇنداق بولسا،
بەگلىرىڭگە كىم باقۇر.

قاش بويىدا بار ئىككەن
بەگ تۆرەمنىڭ جاڭزىسى.
بەگ سۆزىگە ئىشەنمە،
باردۇر ھىيلە ياڭزىسى.

ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم،
بەشئۈن بىلەن ئۈچئۈن بار.
يامۇلغا سولاپ قويسا،
بۈرگە بىلەن چۈچۈن بار.

شەھەردە ئېتىم يامان،
سەھرادا بەتتەر ئاندىن.
نېمە قىلسا قىلمامدۇ،
قورقۇپ يۈرمىدىم خاندىن.

يامۇلغا چۈشكەن بىز،
تاملىرىنى تەشكەن بىز.
مەنمەن دېگەن بەگلەرنىڭ
ئەدىپىنى بەرگەن بىز.

ئەجەب بۇ بېشىم قاتتى،
دەردىنىڭ ئۈستىگە دەردتىن.
ئالدىمدا سالام قىلىپ،
ماراپ يۈرىدۇ چەتتىن.

مەن نەگە بارالايمەن،
بويۇنۇم قىلدا باغلاقلىق.
ھەربىر باسقان قەدىمىم
مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق.

قەشقەردىن ئادەم چىقسا،
تۇتىدۇ چىقىپ چېرىك.
ئۇقماستىن يېنىپ قويسا،
كۆمىدۇ گۆرگە تىرىك.

بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەر كىم
ئېچىنار يېتىمچىغا.
ئىچىم قاينىدى بىر كۈن،
مۇش ئاتتىم چېقىمچىغا.

چېقىمچى مېنى چاقتى،
ئالدىمغۇ يامان ئاتاق.
پۈتمىدى شۇندىن بېرى
ئېلاخۇنغا سوئال-سوراق.

يېتىمچىنى تۇتماقتا
چېرىك چىقتى چېچىلىپ.

ئاتقا سوقتۇرۇپ ئۆتتۈم
چېرىكلەرنى يىقىتىپ.

ياخشى ئاتتىن ئايرىدى،
قالدىمغۇ بولۇپ ياياق.
ئىچىگە گۇمان چۈشتى،
ئېلىپ يۈردۈم چوماق-تاياق.

چەككىم كەلدى ئەجەبمۇ،
ئۆيدە بارمىكىن غاڭزا.
ئەمدى مېنى تۇتقىدەك،
شەھەرگە چىقىرىپ داڭزا.

زامانەڭنىڭ ھالى شۇ،
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى.
ياخشىنى يامان دېسە،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

مىنگەن تورۇقۇم قاشقا،
تەگمەس تۇيىقى تاشقا.
سەن مېنى يامان دەيسەن،
سېنىڭ قورسىقىڭ باشقا.

ئىلاخۇن دەپ ئېتىم بار،
شەنگەنلەردە ئۈچۈم بار.
نىمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
ساڭا تېتار ئوغلۇم بار.

مېنى تۇتقان بەگلەرنىڭ
قەستى ئېتىمدا قالغان.
جاننى ئالساڭ ئال زالىم،
قىلغان تۆھمىتىڭ يالغان.

غۇلام ئەختەم ئەمەسمۇ،
مېنى باققان توقايلىق.
ياخشى ئات ئاستىمدا تۇرسا،
كىمدىن شۇنچە قورقايلۇق.

ئوڭ قولۇمدا مالخىيىم،
چەپ قولۇمدا چاقمىقىم.
باللىرىمنى دېمىسەم،
يوقتۇر شەھەرگە بارمىقىم.

ئېلىپ كەلدى قولۇم باغلاپ،
ئاتنىڭ ئالدىدا.
ئامان بولسام، چېقىمچىلار
قالماس دالدىدا.

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چىققىلى بولماس.
كۆككۆز جېنىم ئامان بولسا،
بەگلەر قوتولماس.

تاغدا كەكلىك غەلەت بولماي،
قەپەسكە چۈشمەس.
قىلغان ئىشىم ھەقتۇر مېنىڭ،
چىرىغىم ئۆچمەس.

سەكسەن بەگلەر بىر بولۇشۇپ،
ھەددىدىن ئاشتى.
ئەلنىڭ ئاققان كۆز ياشلىرى
سەل بولۇپ تاشتى.

بوگۇنمىكىن، ئەتىمىكىن
سوراقنىڭ ۋاقتى.
مەن تۇتۇلدۇم، بەرمەس قويۇپ،
چوڭ يەرگە چاقتى.

قەپەسكە سولاپ قويدى،
نەگە بېقىپ سايرايمەن.
ئۇرۇمچىگە پالىدى،
كىمگە بېقىپ قارايمەن.

بىز ئېلىدىن چىققاندا،
دەريا ياقىلاپ ماڭدۇق.

ئامان بولغىن دوستلار دەپ،
كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق.

بىر قەپەستە ئېلاخۇن،
ئارا قەپەستە سۇلايمان.
يىغلىماڭلار يارەنلەر،
كېلەرمىز ئېسەن-ئامان.

قەپەسكە سولاپ قويۇپ،
بىزنى قورقۇتاي دەمسەن؟!
زۇلۇمنى تولا قىلىپ،
ئۆزۈڭ يوقىلاي دەمسەن؟!

ئۇرۇمچىدىن خەت كەلسە،
يالغانىمكىن دەپتىمەن.
قەپەسكە سولاپ قويسا،
يامۇل چېغى دەپتىمەن.

ئالاردا ئۆزۈڭ ئالمان،
باقماي ئۆز قارارىڭغا.
بىز ئادەم، كەكلىك ئەمەس
قەپەسكە سولارىڭغا.

تار قەپەستە مەن ياتقان،
ئارا قەپەستە سۇلايمان.
بىزنى بۇ كۈنگە قويغان
ياڭتۇڭ ۋاقتى-شۇم زامان.

قەپەسكە سولاپ قويدى،
ھەر تەرەپكە قارايمەن.
ئامان بولغىن دوستلار، دەپ،
بىر خۇدادىن تىلەيمەن.

قول-پۇتتا كىشەن، كويزا،
سۆڭەككە پېتىپ كەتتى.
يامانلارنىڭ قىلمىشى
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

خوش-خوش، ئېلى باغلىرىم،
مەن يايلىغان تاغلىرىم.
مەندىن رازى بولۇڭلار،
يىغلاپ قالغان باللىرىم.

ئارىدا تۈنەپ ئىككى،
تەلكىگە يېتىپ كەلدۇق.
چېرىك تىللىسا مەيلى،
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدۇق.

تەلكە دېگەن داۋاننىڭ
مەنزىلى خويمۇ يىراق.
چېرىكلەرگە سۇ دېسەك،
بىزدىن قاچىدۇ نېراق.

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

تەلكىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق،
ئېلىدىن چىقىپ كەتتۇق.
باشقا چۈشكەن كۈنلەرنى
قوشاققا قېتىپ كەتتۇق.

تەلكىدىن چىقىپ كەلسەك،
سايرام كۆلى كۆرۈندى.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يۈرەك ئىككى بۆلۈندى.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
قىش كىرگەندە توڭلايدۇ.
غەم قىلما ئاغىنىلەر،
خۇدايىم باشنى ئوڭشايدۇ.

ئۇلۇغ يېنىمدىمۇ چېرىك،
سول يېنىمدىمۇ چېرىك.

بىزنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغان،
ماناپ تولۇق بىلەن شېرىك.

چۆل ئىدىردىن ئۆتكەندە،
ماناپ ئىلىغا ياندى.
ئالتە قارغا بىر بولۇپ
بىزنى ئارىغا ئالدى.

ئۈرۈمچىگە پالاندۇق
قوغۇن پىشقى كۈزدە.
قانغا پاتتى غېرىبلىق،
ئۈرۈمچى يولىدا تۈزدە.

ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق،
يامۇلغا ئېلىپ كىردى.
سۈرى يامان ئەبلەخلەر
قاخشىتىپ ئۇرۇپ كىردى.

يامۇلغا سولاپ قويدى.
ئەتراپنى كۆرەلمەيمەن.
بۈركە، چۈچۈن دەستىدىن
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

ئاستىمغا سېلىپ ياتقان
كالا يۇڭى تىكمەت.
تۆھمەت بىلەن سولىدى
بۇ قارا يۈز ھۆكۈمەت.

دېھقان بولمىغان بەگلەر
تارتمايدۇ مۇشەققەتنى.
سوراق سورىدى قانچە،
سۆزلىدىم ھەقىقەتنى.

نۇرمەھەممەت بالام كەلسۇن،
تۇرسۇن مەھەممەت بالام كەلسۇن.
مەن ئۆلسەم ئۆلۈپ كېتەي،
ئەل-يۇرتۇم ئامان قالسۇن.

يامۇلدا بولار سوراق،
بىرسى بىرسىدىن يامان.
تارتماسقا نېمە چارە،
باقمىسا بىزگە زامان.

بۈگۈن نەچچە كۈن بولدى،
كۆرمەيدۇ مېنىڭ كۆزۈم.
كۆرۈپ يۈرگەن ئىشلارغا
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

ئۈرۈمچىدىن ياندا،
ئىلىغا قاراپ ماڭدۇق.
يامۇلدىكى زۇلۇمنى
بىر-بىرلەپ ساناپ ماڭدۇق.

قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
تالا-تۈزنى كۆرمەستىن.
جەبىرنى تولا تارتتۇق،
ئاخىرى ياندۇق ئۆلمەستىن.

تاغنىڭ ئارقىسى تېكەس،
يېرى زەپ بولۇق ئىكەن.
دەرياسى ئېقىپ ئۆتەر،
قۇرىماس سۇلۇق ئىكەن.

ئېلاخۇن ساراڭ ئەمەس،
چۈجىنى سانالڭ كۈزدە.
باغلارنى بىنا قىلدىم،
دەرەخسىز مۇشۇ كۈزدە.

بېغىم ئالمىسى تاتلىق،
ھەر كىم كېلىپ ئاشايدۇ ①.
ئۇلار رەھمەت ئېيتقاندا،
ئېلاخۇن كۆڭلى ياشنايدۇ.

(ئېلاخۇن قوشاقلىرى قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «پەرۋاز» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 1-سانىدىن نەشرگە تەييارلاندى).

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **فەرھات ئەزەم**

---

① ئاشاش — يېيىش.

# فولكلور ۋە زامان، ماكان، شارائىت توغرىسىدا

**قەلبىنۇر مۇھەممەت**

فولكلور ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئېتىقاد ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، دىنىي مۇراسىملەر، ھېيت-بايرام مۇراسىملىرى، ھەرخىل پەرھىزلەر، سېھرگەرلىكلەر...قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى، بۇ ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىي قىلىشى، تارقىلىش، ئۆزگىرىشچانلىقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەندۇر.

خۇددى ئېنگلس كۆرسەتكەندەك: «ھەربىر مىللەتنىڭ چوڭ، كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ باشقا مىللەتلەردە بولمايدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىر مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ ئۇنى تولۇقلايدۇ ۋە بېيىتىدۇ.» ① شۇنىڭ ئۈچۈن فولكلور مىللەتلەرنى مەدەنىيەتلىك، مەدەنىيەتسىز دەپ قارىماي، تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغان. مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيىتىنمۇ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىدىن تارتىپ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە؛ ماددىي بايلىقتىن مەنىۋى بايلىقىچە؛ پىسخىك ھالەتتىن ئاغزاكى نۇتۇق ھەتتا ھەرىكەتكىچە... ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بارلىق ئۆرپ-ئادەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇزاق ئىنسانىيەت تارىخىنى ئۆزىنىڭ ئۈزۈلمەس زامان بوشلۇقى قىلسا؛ ئىنتايىن مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ ماكان بوشلۇقى قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت تەرەققىيات جەريانىدا ئۆرپ-ئادەت ھادىسىلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلەشتى. يالاڭئاچ يۈرۈپ، خام گۆش يەپ، ئورمانلىقلاردا ياشاۋاتقان ياۋايى ئىنسانلار ئۈچۈن بىردىن-بىر زۆرۈرلۈك ئۆز ھاياتلىرىنى ساقلاپ قېلىشلا ئىدى. مۇشۇ ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىياجى، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان 4 پەسىل، كېچە-كۈندۈز، ياۋايى ئىنسانلارغا ئەمگەكنى ئۆگەتتى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنى ئاتا قىلدى. ئۇلار ئورمانلىق، ئۆڭكۈرلەردىن چىقىپ بىر قەدەر ئاڭلىق ئىنسانلار دۇنياسىغا قاراپ سەپەر قىلىشقا باشلىدى. ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ قەبىلىچىلىك تۇرمۇشىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ھەرخىل كىيىنىش، يېمەك-ئىچمەك، ئولتۇراق-جاي ئادەتلىرى بارلىققا كەلدى. ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تەشكىللى شەكلى، دىنىي مۇراسىم ئادەتلىرى بىخلىنىپ تەرەققى

قىلدى، ئاخىرىدا مۇكەممەل بىر ئەنئەنىگە ئايلاندى. بەلگىلىك جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن مۇئەييەن قائىدە-يوسۇنلار ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى نامايەن قىلىپ بىر ئۇرۇق، بىر قەبىلە، بىر مىللەتنى شەكىللەندۈرۈشتە؛ بىر مىللەت ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئوتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئۆزۈقلىنىش ئادىتىنى؛ كىيىم-كېچەكنىڭ ئىجاد قىلىنىشى كىيىنىش سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى بەلاغلىرىغا بېرىپ ياشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆچۈشى ئولتۇراق جاي ۋە كېيىنكى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق... تۇرمۇش شەكىللىرى ئۆز ئالدىغا بىر دەۋر، بىر باسقۇچ مەدەنىيىتىنى يارىتىپ ئۆزىگە خاس فولكلور ھادىسىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى. جۇغراپىيىۋى مۇھىتنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇش شەكلىگە خىلمۇخىللىق ئېلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش كۈندىن كۈنگە ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئوخشاشلا فولكلور ھادىسىلىرىگە يېڭىلىق، ئۆزگىرىشچانلىق ئېلىپ كەلدى. شۇڭا فولكلور ھادىسىلىرى تەبىئىي، ئىجتىمائىي شارائىتلارنىڭ ئىزناسى بولۇپ ھەرگىز تەسادىپىيلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، شۇنداقلا رېئاللىقنىڭ پۈتۈنلەي يىغىنچاقلانغان، ئوبيېكتىپ ھالدىكى ئەكس ئېتىشى ئەمەس. بەلكى رېئاللىقنىڭ ئاكتىپ، جانلىق ھالدىكى ئەكس ئېتىشىدۇر. ئىچكى قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىدۇر.

فولكلور ھادىسىسى ئاڭ فورمىسى بولۇش بىلەن نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ، يەنە ئۆزگىرىشچانلىققىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش پۈتۈنلەي يېڭىلىنىش بولماستىن قەدىمقىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ۋارىسچانلىق بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقتەك قارمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە بىر-بىرىگە سىڭىپ، ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، كۆپ تىپلىق، كۆپ قىرلىق بولۇشتەك ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى، مۇئەييەن مىللەت تۇرمۇشىدىن قەدىمقىنىمۇ، ھازىرقىنىمۇ، باشقىلارنىڭكىنىمۇ، ئۆزلىرىنىڭكىنىمۇ تاپقىلى بولىدىغان بولىدۇ. بىر مىللەت ئىچىدىمۇ خىلمۇ-خىل ئوخشاشمىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تاپقىلى بولىدىغان بولدى. شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى ئانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا تاپالايمىز. ئەقەللىسى يېزا-قىشلاقتا ئولتۇرىدىغان كىشىلەر بىلەن چوڭ شەھەرلەردە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ پەرقلەرنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. يېزا-قىشلاقلاردا ياشايدىغان كىشىلەر تەبىئەت بىلەن ئەڭ بىۋاستە ئۇچرىشىپ، ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقتىن كىيىنىش ئادىتىدە ئۇلار ئىنتايىن ئوچۇق رەڭلەرنى ياقتۇرىدىغان بولدى. كىيىم-كېچەكلىرىدىكى ئوچۇق يېشىل رەڭ ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ھەم ئۇلار ئىنتايىن ياقتۇرغان كەڭرى يايلاق، ئېتىز،

قىزلارنىڭ سىماسى بولسا، قىزىل رەڭ ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ سىماسى ئىدى. يېمەك-ئىچمەكتە ئۇلار ساپ-ئەسلى ھالىتىدىكى يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلاتتى. قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، سۈنئىي يېمەكلىكلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خېلىلا يىراق ئىدى. سەنئەت جەھەتتىمۇ كەڭرى تەبىئەت قوينىدا ئالاھىدە بىرخىل سەنئىتىنى ياراتقان. شەھەر مەدەنىيىتى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز خاسلىقى بويىچە مەدەنىيەت ياراتتى.

شۇنى چەتكە قاقماسلىق كېرەككى، فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە يەنە ئىنسان تەپەككۇر-تەسەۋۋۇرلىرى، دۇنيا توغرىسىدىكى قاراشلىرى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. فولكلور ھادىسىلىرى ئەڭ دەسلەپ مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئابستراكتنى چۈشەنچىلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ئىدى. ھەممىدە روھ بار قارىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلار مېڭىسىدە ياڭرىغاندىن كېيىن ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەرخىل دىنىي مۇراسىملار، دىنىي پەرھىزلەر بارلىققا كەلدى، ئىنسان ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شۇ روھلارغا تىۋىنىدىغان بولدى. ئوۋچىلىق تۇرمۇشتىكى ئىپتىدائىي كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان، ئۇلار زىچ مۇناسىۋەتلىك ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا ھەرخىل جىسىملارغا چوقۇندى. ئۇنىڭدىن پاناھلىق، ئامانلىق، ئاسايىشلىق تىلىدى. بۇ جەرياندا تەبىئىي ھالدا ھەرخىل چوقۇنۇش ئادەتلىرى يېتىلىپ ئۆز تۇرمۇشلىرىنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى بەرپا قىلدى. كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان بۇ خىل قاراش ئاخىرىدا يەنە ماددىلىشىپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كونكرېتلىققا، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولدى. مەسىلەن: 1979-يىلى ئارخېئولوگلار كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن 6400 — 4000 يىل بۇرۇنقى بىر گۆرلۈكنى قازغان. بۇ گۆرلۈكتىن بىر ئوقيانىڭ كەمتۈكى، زىرائەت ئۇرۇقلىرى، تۇرمۇش بويۇملىرى قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇ دەل ئۆلگەن ئادەم ئۇ دۇنيادا بۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، دەيدىغان دىنىي ئەقىدىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەۋرىلەرگە چىققاندا قوناق، بۇغداي دانلىرىنى قەبرە بېشىغا چېچىپ قويۇشى دەل شامانىزمنىڭ ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى باشقا جانلىقلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ دېگەن دىنىي ئەقىدىنىڭ ئىنسان ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ خىل ماددىلىشىش بىر تەرەپتىن ماددىي مەدەنىيەتنى تېخىمۇ بېيىتىپ گۈللەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشقا ئورتاق بولغان ئەنئەنىنى شەكىللەندۈرىدۇ. فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ زامان چېكىنى ئۇزارتىپ ئەجدادلار تۇرمۇشى بىلەن ئەۋلادلار تۇرمۇشىنى باغلاپ، فولكلورنىڭ كەڭرى زېمىنىنى ھازىرلايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ھەر قانداق جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ئىقتىسادىي ئاساس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزگىرىش ياسىشى دەل جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ. فولكلور ھادىسىلىرى بىر خىل ئاڭ فورمىسى بولۇشى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە ھادىسىدۇر. ئۇنى ئىقتىسادىي ئاساس

ۋە ئۇستىقۇرۇلمىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ھاسىل بولغان ئىقتىسادىي ئامىل، ئىجتىمائىي ئامىل، دىنىي، پسىخىك جۇغراپىيىۋىي... ئامىللار پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ئامىللار ماكان، زامان، شارائىتلارنىڭ ئوخشاشمىغان تۈسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل ئامىللار ئىچىدىن دىنىي ئامىلنى ئالساق، فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. چۈنكى، دىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ بىۋاسىتە، ماددىيلارچە ئىپادىلىنىشى ۋە تەبىئەت ئۈستىدىكى يەكۈنلىرى ئىدى. پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئەشۇ يەكۈن بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇنىڭ بىلەن دىن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇتېم قارىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن نېمىنى تۇتېم قىلىش، بۇ تۇتېمغا قانداق ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىدە ئۆزگىچىلىكلەرنى يارىتىپ، تۇتېم ئېتىقادىغا باغلانغان ھەر خىل ئۆرپ-ئادەت ھادىسىلىرى بارلىققا كەلدى. بەزى مىللەتلەر ئۆز تۇتېملىرىنى قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق تەڭرىگە تىۋىنىپ، تەڭرىدىن مەدەت تىلىگەن. ئەپسانە ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە تەئەللۇق سەنئەت بولۇشى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىگە خاس ئەپسانىلارنى ياراتتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئىپتىدائىي دىنلار قاندۇرالمىدى. يېڭى شەكىللەنگەن ھەرخىل زىددىيەتلەردىن قانداق قىلىپ ئۆزلىرىگە تەسەللىي تېپىشنى بىلمىگەن شارائىتتا بىر خۇدالىق سۈننىي دىنلار بارلىققا كەلدى. دىنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ ئەڭ ئاۋۋال مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ، ئەسلىدە بار مەدەنىيەتتىكە مۇئەييەن يېڭىلىقلارنى بېغىشلىدى ھەمدە كۆپ خىل مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. مەسىلەن: ھازىرقى كۈندە كىشىلىرىمىز ھىلال ئاي دۇم ھالەتتە چىقسا ئۆلۈم-يىتىم كۆپ بولىدىكەن، دەپ قارايدۇ. بۇ دەل تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى. بۆرە ئوشۇقىنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش بولسا، تۇتېم مەدەنىيىتىنىڭ، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ مازارلىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ھەرىكىتىنىڭ، قىزىل رەڭنى ئۇلۇغلاش بولسا، ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىقتىساد، دىن، تەبىئىي جۇغراپىيىۋى مۇھىت بىر مىللەت، بىر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ھەم فولكلور مەدەنىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىللاردۇر. شۇڭا فولكلورشۇناسلار فولكلور ھادىسىلىرىنى ماددىي فولكلور (خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىنى، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادەتلىرىنى، تۇرمۇش مۇلازىمەت ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىجتىمائىي فولكلور (ئائىلە ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى، ئۇرۇق، قەبىلە، قەبىلە ئىتتىپاقى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش بەلگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سەنئەت فولكلورى (خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت

پائالىيەتلىرىدىكى ئادەتلەرنى مۇھىم مەزمۇن قىلىدۇ. مىللىي تىبابەتچىلىك ئادەتلىرى، مىللىي تەنتەربىيە ۋە سېھىرگەرلىكلەر ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئېتىقاد ئادەتلىرى (ئەنئەنىۋى خۇراپىي ئېتىقاد بىلەن ئومۇملاشقان ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلگەن②. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. تۇرمۇش ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ كۆپ قاتلاملىق، ئۇزاق تارىخىيلىققا ئىگە بولغانلىقتىن فولكلورنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم مۇرەككەپ ھەم زىچ قان بىلەن گۆشتەك بولۇپ كەتكەن.

دېمەك، تارىخ فولكلور تارىخىنى ئەكس ئەتتۈردى. فولكلور تارىخىنىڭ ھەربىر باسقۇچ، ھەربىر دەۋرنى ئۆزىنىڭ ئوخشاشمىغان رەڭلىرى بىلەن بوياپ، ئىنسانلار تارىخىنى كۆپ قاتلام، كۆپ خىل تۈسكە ئىگە قىلدى. فولكلور ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە بۇ ھەربىر باسقۇچنى ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە ھەر بىر دەۋر مەدەنىيىتىنى، تۇرمۇشىنى بىر-بىرىگە باغلىدى.

فولكلورنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بارلىققا كەلگەن. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلۈك فۇنكسىيىلىرىنىڭ ئىگىلىنىشى، كىشىلىك جەمئىيەت ۋە خەلق ساپاسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، خەلق ئالقىشىغا ئېرىشىپ خەلق تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئوزۇققا ئايلىنىشىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر-بىرىگە سىڭىشىپ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت فولكلور ھادىسىلىرىنى كەڭرى ئەكس ئەتتۈردى. فولكلور ئەدەبىيات-سەنئەتكە مىللىي روھ ۋە يەرلىك پۇراق ئاتا قىلىپ، مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. فولكلور ئەدەبىيات-سەنئەت ئارقىلىق ساقلاندى. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملاشتى. مەسىلەن: قەدىمكى دىڭلىڭلار ياشىغان جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى قاراسۇك رايونىدىن بۆرە باشلىق تاش ئابىدىلەر قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇلارغا يىلان شەكىللىك زىننەت بەلۋېغى ئويۇلغان. يۈز قىسمىنىڭ ئەتراپىدا زىچ قىلىپ يىلان شەكىللىك سىزىقلار سىزىلغان③.

بۇ دەل يىلاننى توتېم قىلغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈ تاش مەدەنىيىتىدە ئەكس ئېتىشى. ئابىدىچىلىك، ئابىدە تېكىستلىرى ئۆزىگە خاس سەنئەت كاتېگورىيىسى ھاسىل قىلىدۇ. توتېممۇ بىر خىل فولكلور ھادىسىدۇر. بۇ مىسالدا بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك مۇناسىۋەت تۈرىنى شەكىللەندۈرگەن.

خەلق ئېغىز ئىجادى ۋە ئاغزاكى ئورۇنلىغان سەنئىتىنىڭ ئۆزى ئەسلىدە سەنئەت ئۆرپ-ئادىتىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر خىل مۇراسىم ۋە سەيلە قوشاقلىرى بىلەن تۇرمۇش مۇراسىم پائالىيەتلىرى ھەم سەنئەتكە خاس ھەم فولكلورغا خاس ئۆزگىچىلىكلەرنى نامايەن قىلدى، ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى يۈكسەك ئوبرازلار ۋە بەدىئىي توقۇلمىلار ئەدەبىياتقا تەئەللۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىپتىدائىي كۆز قاراشلار ۋە تەپەككۇر نەق ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ

بايان قىلىنىشى ئىدى. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە» نى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان بۆرە، يىلپىز، قوي، ئېيىق توتېملىرىنى، ئىپتىدائىي دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىنى كۆرۈۋالىمىز.

ئەدەبىيات تارىخىدا پارلاق ئىز قالدۇرغان ۋەكىل خاراكتېرىدىكى، تۇرمۇشنى چوڭقۇر، چىن، بەدىئىي هالدا ئەكس ئەتتۇرگەن ئەسەرلەرنىڭ هەممىسى بەدىئىي چىنلىقنى ئىپادىلەش جەريانىدا هەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىستېتىك ئالاهىدىلىكلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇهىم مەزمۇنى قىلىدۇ. ئەگەر ئەشۇنداق هەقىقى ئىستېتىك تۇرمۇشتىن ئايرىلغاندا ئۇنداق ئەسەردە ئىپادىلەنگەن بەدىئىي چىنلىق تەبىئىي هالدا قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى ئالساق، ئۇنىڭدا 10 ئەسىر ۋە ئۇندىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۇيغۇر پىسخىكىسى ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكىگە ئائىت مىسرالارغا كۆز يۈگۈرتسەكلا فولكلور بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز.

كېسەل گالدىن كىرىدۇ، كېلىڭنى ساقلا،

يېمەك-ئىچمەكنى هەزىم قىلارلىق دەرىجىدە ئاز يېگىن.

كېسەلگە گىرىپتار بولسا دەرهال زەئىپلىشىدۇ،

ئۇنى داۋالىمىسا ئۆلۈم يۈگۈرەپ كېلىدۇ.④

(4615 — 4615 بېيتلار نەسرى شەكلى).

بۇ پىكىرلەر شەخسەن يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ كۆز قارىشى بولماستىن، ئەسىرلەر بويى ئىنسانلار يەكۈنلەپ چىققان خەلق ئارىسىدىكى خۇلاسىلاردۇر. بۇ خۇلاسە هەربىر جەمئىيەت ئەزاسىغا تارقىلىپ ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكنى شەكىللەندۈرگەن هەمدە بەدىئىي ئەسەردە ئەكس ئەتكەن.

بىزگە مەلۇمكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش ئادىتى بار. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئۆرپ-ئادەت هادىسىلىرى ئىدى. ئۇ خەلق تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن بولغان پۈتكۈل خەلق ئىدىيىسىنىڭ سەمەرىسى. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن فولكلور هادىسىلىرى ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئېنىق ئەكس ئەتكەن،

ئۇسسۇل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت شەكىللىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ مەهسۇلى. ئالىملار ئۇسسۇلنى دىنىي ئۇسسۇل ۋە سەنئەت ئۇسسۇلى دەپ 2 تۈرگە بۆلگەن. ⑤ لېكىن، بۇ ئىككىسىنى بەزىدە ئايرىماق ئىنتايىن تەس بولۇپ قالىدۇ. سەنئەت ئۇسسۇلغا دىنىي ئۇسسۇلنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى، دىنىي ئۇسسۇلغا سەنئەت ئۇسسۇلنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى سىڭىپ كەتكەن، چۈنكى دىنىي ئۇسسۇل ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ قەبىھ تەبىئەت كۈچلىرىدىن پاناھ تىلەش، تەبىئەتنى يوي سۇندۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېهتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن خۇدانى تەسىرلەندۈرۈشتە بۇ خىل ئۇسسۇل هەرگىز كىشىلەرگە سەنئەتكە خاس ئىستېتىك زوق بېغىشلىمايتتى. بەلكى هاياتنى كاپالەتكە ئىگە

قىلىش يولىدىكى ئىرىشچانلىقلىرى ئىپادىلەيدۇ. تەدرىجى تەرەققىيات جەريانىدا دىن بىلەن سەنئەتنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى سەۋەپلىك ھەقىقى سەنئەتلىك ئۇسسۇل بارلىققا كەلدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەيلى ماددىي فولكلور بولسۇن ياكى مەنىۋى فولكلور ۋە ياكى سەنئەت فولكلورى بولسۇن ئۇزاق-ئۇزاقلاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ پۈتمەس-تۈگمەس مۇنبەت تۇپرىقى قىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەربىر ھالەتلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىش نىشانى قىلغانلىقتىن ئاڭ فورمىسىغا تەئەللۇق بارلىق تارماقلارغىچە چېتىلىپ ئىنتايىن كەڭرى ماكان، زامان بوشلۇقىنى ھاسىل قىلغان. فولكلورنىڭ نەزىرىيىۋىلەشكەن ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ۋارىسلىق رولىدىن قارىغاندا ئىنسان ئىنسان بولغان شۇ كۈندىن باشلاپ پەيدا بولۇپ راۋاجلىنىپ كەلمەكتە، مانا بۇ ئۈزۈلمەس مەدەنىيەت ھادىسىنى دەل فولكلور تەتقىق قىلىپ كەلمەكتە. ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى جۇلالاندۇرماقتا.

ئىزاھاتلار:

① «ماركسىزملىق مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىرى ھەققىدە» 1953-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 381-بەت

② «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ئابدۇكېرىم راخمان .18-بەت.

③ «دىنشۇناسلىق» كانسېپكىدىن.

④ «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى ئۇيغۇر ئىبابەتچىلىككە ئائىت بايانلار توغرىسىدا.

⑤ رۇستەم ئېلى. 101-بەت. «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» 1993-يىل 2-سان.

## ماقال-تەمسىللەر

ئۇيقۇسى ئۇزۇننىڭ بەختى قىسقا.

ئاخشام يېگەن تاماقتىن سەھەر يېگەن مۇشت ياخشى.

بىلىم جەننەتكە ئېلىپ بارار.

قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق.

ئۆز نەپسىدىن كەچمىگۈچە،
كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس.

پولۇگغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئەل ۋەيران بولماس.

تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىپتۇ.

دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا.

ئوغرى يولدا قويار،
قاراقچى چۆلدە (قويار).

چۈمۈلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەن،
قۇچقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.

بۆركۈت بوراندىن قورقماس،
باتۇر ئۆلۈمدىن (قورقماس).

توپلىغۇچى: سۇلتانەم

# ئىپتىدائىي پىرىخونلۇق ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان تەسىرى

**راھىلە داۋۇت**

قەدىمدە ئىپتىدائىي دىن پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىنسانلار پىرىخونلۇقتىن ئىبارەت مۇھىم بىر باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

پىرىخونلۇق — ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىز ئىنتايىن ناچار بولغان ياشاش شارائىتى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە شەكىللەندۈرگەن ئېتىقادتۇر.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، نەزەر دائىرىسى بەك تار بولغاچقا، ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئى-ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىنسانلار دۇنياسىدىكى تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، ئاغرىق-سىلاق، ھەرخىل پېشكەللىكلەر ۋە كۈچلۈك تەبىئەت دۇنياسى ئالدىدا ساراسىمىغا چۈشكەن، تېڭىرقىغان، ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە ئازابلانغان. ئۇلار يېتەرلىك ئوزۇقلۇققا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغاندا ئارزۇسىنىڭ ئەكسىگە ئېرىشكەن. زور كەلكۈن، كۈچلۈك ئوت ئاپەتلىرى ياكى ھەرخىل پېشكەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ساراسىمىغا چۈشۈپ تۇرغاندا بولسا، بۇ ئاپەتلەر يۈز بېرىپ ئىنسانلارنى زور زىيانغا ئۇچراتقان. مانا مۇشۇنداق غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالالىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن. دەل مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسى ۋە فىزىئولوگىيىسىگە پايدىلىق بولغان، كىشىلەرگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىغان پائالىيەت — پىرىخونلۇق پەيدا بولغان.

ئىپتىدائىي پىرىخونلۇق ئىنسانلارنىڭ يېمەكلىككە ئىگە بولۇش، ئەۋلاد قالدۇرۇش، كۆپىيىش ۋە تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇشتەك ئاكتىپ ئارزۇلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. گەرچە قوللانغان ئۇسۇلى خاتا بولسىمۇ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل خىيالىي ئېتىقاد ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن كۈچلۈك روھىي تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. پىرىخونلۇق قارىشى، ئېتىقادى ۋە مۇراسىملىرى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان مەقسەت ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ رېئال دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇلىرى پىرىخونلۇقتا قانائەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، رېئاللىقتىكى پېشكەللىك، ئۈمىدسىزلىنىش ئازابلىرى پىرىخونلۇق ئېتىقادىدا ھەل قىلىنغان. گەرچە پىرىخونلۇق قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئالدىدا ئامالسىز قالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما تەبىئەتتىن ئاسايىشلىق تىلەش، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇشتەك پىرىخونلۇق پائالىيىتى كىشىلەرگە كۈچ-قۇدرەت ۋە كۈرەش ئىشەنچىسى بېغىشلىغان.

دېمەك، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەنە

شۇ ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن كۈرەش ئېلىپ بارغان.

پىرىخونلۇق پائالىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پەيدا بولغان شەرت-شارائىتىنى ئىگىلەش زۆرۈردۇر.

ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە بىلىمگە، تەجرىبىسىگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىشلاردا پىرىخونلۇق پەيدا بولمايدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ۋە ئەقلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن دائىرىلەردە ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولمايدىغان، ئادەتتە تەقدىرگە، ئامەتكە باغلىق بولغان ئىشلارغا دۈچ كەلگەندە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئاندىن ئۇنى پىرىخونلۇق ئارقىلىق كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغان. مەسىلەن، ئۇرۇشنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەر قانداق ئىپتىدائىي مىللەت بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇرۇش داۋامىدا ئۇرۇش قورالى، يەر شارائىتى، ئەسكەر سانى ۋە شەخسنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تەق بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇرۇش داۋامىدا ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تاسادىپىي ھادىسىلەر تۇيۇقسىزلا كۆرۈنۈپ قېلىپ، ئاجىزلار غەلىبە قازىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئۇرۇش پىرىخونلىقى مەيدانغا كەلگەن.، بۇ خىل ئۇرۇش پىرىخونلىقى قەدىمدە تۈركلەردىمۇ كەڭ ئەۋج ئالغان. ئۇلار جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن پىرىخونلۇق مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈپ، پال سېلىپ ئۇرۇش ئەھۋالىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن، ئەپسۇن ئوقۇپ قارشى تەرەپنى پالاكەت باستۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

مۇھەببەتمۇ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيىتىنى بىلىش تەس بولغان بىر خىل ھېسسىيات ھەرىكىتى. مۇھەببەتتە غەلىبىگە ئېرىشىش ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش شۇ كىشىنىڭ پەزىلىتى، خاراكتېرى، خۇلقى ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدىكى بىر يۈرۈش پىلانلىرىغا باغلىق بولغاندىن سىرت، يەنە مەلۇم بىلىپ بولمايدىغان سېھرىي كۈچكە باغلىق. مۇھەببەتتە ئۇتۇپ چىقىمەن ياكى يېڭىلىمەن دەپ ئالدىن مۆلچەرلەش تەس. مانا شۇ سەۋەبتىن مۇھەببەت ھەرىكىتىدىمۇ پىرىخونلۇق شەكىللەنگەن. مۇھەببەت پىرىخونلىقى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

ھەر خىل كېسەللىك ئاپەتلىرىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش. دورا كەمچىل بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاغرىق-سىلاق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاپەتلىرى دۈشمەن ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلەردىن قېلىشمايتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ سىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا بۇ ساھەدىمۇ پىرىخونلۇق پەيدا بولغان. كېسەللەرنى داۋالاش پىرىخونلارنىڭ مەخسۇس كەسپىگە ئايلانغان. پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز يەنىلا نۇرغۇن كېسەللىك ئاپەتلىرىنى يېڭىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. شۇ سەۋەبتىن پىرىخونلۇق ئارقىلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان مىللەتلەردىلا ئەمەس، تەرەققىي تاپقان مىللەتلەردىمۇ يەنىلا قىسمەن داۋاملىشىۋاتىدۇ.

دېمەك، پىرىخونلۇق ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا كەڭ تارقالغان بىر خىل ئىپتىدائىي ھادىسە. ئىنسان ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، ئەقلى، تەپەككۇرى

ئارقىلىق يېڭىشكە ئاجىزلىق قىلغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئىپتىدائىي پېرىخونلۇق ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى تىكلىگەن.

ئۇنداقتا پېرىخونلار ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى نېمىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان؟ قانداق ئىدىيىۋى پرىنسىپقا تايانغان؟

يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشقان، بويسۇندۇرۇش ئۇسۇلىدا ئۆزلىرى بىۋاستە تىزگىنلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان، يەنى ئەپسۇن ۋە سېھرگەرلىك مۇراسىملىرى ئارقىلىق ھەرخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە شەيئىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. مەسىلەن، خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلىنىپ قالغان تۆۋەندىكى ئەپسۇننى كۆرۈپ باقايلى:

«ئاسماندىن چۈشكەنلەر، يەردىن چىققانلار، تۆت تەرەپتىن كەلگەنلەر، ھەممىڭلار تورۇمغا چۈشۈڭلار.»

بۇ بىر ئوۋچىلىق ئەپسۇنى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلاھلارغا تايىنىش، چوقۇنۇش، ئىلتىجا يوق. ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يەنى ئەپسۇن ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىغا بۇيرۇق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەپسۇننى قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرۇشتىكى مۇھىم قورال دەپ تونۇغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى بالايىئاپەتلەردىن خالاس قىلالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئىپتىدائىي پېرىخونلۇق ئىپتىدائىي دىندىن پەرقلىنىدۇ. ئىپتىدائىي پېرىخونلۇق دەسلەپ پەيدا بولغاندا ئۇنىڭدا «ئىلاھ» قارىشى يوق ئىدى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى ئىلاھلاشتۇرمىغان ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنمىغان، بەلكى ئەپسۇن ۋە سېھرگەرلىك ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىۋاستە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئىپتىدائىي دىن بولسا «ھەممە نەرسىدە روھ بار» دېگەن قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇڭا ئىپتىدائىي دىن ھەر خىل نەزىر-چىراغ، دۇئا-تىلاۋەت مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىلاھلارغا ئىلتىجا قىلىش، چوقۇنۇش، تايىنىش ئارقىلىق ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشكە تىرىشقان. گەرچە ئىپتىدائىي پېرىخونلۇق كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا ئىپتىدائىي دىنىنىڭ تەسىرىدىن ۋە قوشۇلۇپ قېلىشلىرىدىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپ پەيدا بولغاندا نۇرغۇن ئاكتىپ ئامىللارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئىدى.

پېرىخونلۇق ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىدىيىۋى پرىنسىپقا تايىنىدۇ:

**1. ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش پېرىخونلۇقى**

بۇ خىل پېرىخونلۇق قارىشىنىڭ نەزەرىيىسى تۆۋەندىكىچە:

«ماددىلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندىن كېيىن، بۇ ماددىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشنى ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنىلا بىر-بىرىگە، داۋاملىق يىراق ئارىلىقتىن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ»، يەنى بىر ماددا ئادەم تېنىنىڭ مەلۇم قىسمى بولۇش ياكى بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر شۇ كىشى مۇشۇ ماددا بىلەن ئۇچرىشىپ باققانلا بولسا، شۇ ماددا ئارقىلىق ئۇ ئادەمگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بۇ خىل پېرىخونلۇق نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پېرىخونلۇق ئادەتلىرىدىن كەڭ تۈردە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ چاچ، تىرناق قاتارلىقلارغا بولغان پەرھىزدىكى بۇ قاراشنى

تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈردى. دۇنيادىكى كۆپ قىسىم مىللەتلەردە: «ئادەم تېنىنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمى پۈتۈن بەدىنى بىلەن تەسىرلىشەلەيدۇ. ئادەم تېنىدىن ئاجرىلىپ چۈشكەن چاچ، تىرناق قاتارلىقلارغا سېھىر قىلىشقا بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى بىرەرسىنىڭ چېچى ياكى تىرنىقىغا ئىگە بولىۋالسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇ نەرسىلەر ئارقىلىق، شۇ كىشى ئۈستىدىن يەتمەكچى بولغان مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇ كىشىنى كېسەلگە ياكى ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلغىلى بولىدۇ» دەيدىغان قاراش ئومۇميۈزلۈك تارقالغان. بۇ خىل پېرىخونلۇق قارىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلاردا، ئادەتتە باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېلىۋەتكەن ياكى چۈشۈپ كەتكەن چېچىنى يىغىپ مەلۇم بىخەتەر يەرگە (تام تۆشۈكى، دەرەخ كاۋاكلىرىغا) قويۇپ قويىدۇ، قالايمىقان تاشلىۋەتمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت قارىشى تۇركلەردىمۇ بولغان. «تۇركلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەي، ئۇنى تامنىڭ تۆشۈكىگە ياكى ياغاچ تۆشۈكلىرىگە يوشۇرۇپ ساقلاپ قوياتتى» ①.

پېرىخونلۇق ئەپسانىلىرىدا پېرىخونلۇق ۋە ئۇنىڭ يۈكسەك ماھارىتى، بىرىنچى ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ پېرىخونلۇق ۋەھىسىگە ئېرىشكەنلىكى، پېرىخونلۇقنىڭ قانداق قىلىپ بىر مىللەت، بىرەر قەبىلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، پېرىخوننىڭ قانداق قىلىپ كېسەل داۋالىغانلىقى، قانداق قىلغاندا پېرىخونلۇقتىن پايدىلىنىپ غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، پېرىخونلۇق پەرھىزلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. پېرىخونلۇق ئەپسانىلىرى پېرىخون ھەقىقەتنىڭ كاپالىتى، پېرىخون راستچىللىقنىڭ دەللىلى بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى ۋە ئىشەنچلىكنى ئىسپاتلايدۇ. پېرىخون قارىشىدا پېرىخون ئۆزىنىڭ ئەكسىگە ئايلىنالايدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىمۇ ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش سېھىرگەرلىكى ئېپتىدائىي ئەپسانىلاردىن كېيىن شەكىللەنگەن رىۋايەت، چۆچەكلەردىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. مەسىلەن، خەلق چۆچەكلىرىدە چۆچەك قەھرىمانى يامان كىشىلەرنىڭ سېھىر قىلىشىغا ئۇچراپ ياكى سېھىر قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى يەپ قويۇپ مەلۇم ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ ۋە ياكى مەلۇم سېھىرلىك بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە زور غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

دېمەك، ئېپتىدائىي پېرىخونلۇق ئېپتىدائىي ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم ئاكتىۋال رول ئوينىغان.

**2. ئېپتىدائىي پېرىخونلۇقنىڭ ئېپتىدائىي سەنئەتكە بولغان تەسىرى**

ئېپتىدائىي پېرىخونلۇق ئېپتىدائىي ئەدەبىياتنى ئىدىيە، روھ، پائالىيەت سەھنىسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەنىۋى قوماندان پېرىخوننى، يەنى قوشۇمچە ئۇسسۇلچى، ناخشىچى ھازىرلاپ بەرگەن. ئېپتىدائىي پېرىخونلار ئۆزىدە مەلۇم سەنئەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن ئېپتىدائىي سەنئەتكارلاردۇر.

قەدىمكى دەۋردە ئۇسسۇل ئېپتىدائىي پېرىخونلۇق مۇراسىملىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئېپتىدائىي پېرىخونلۇق تەقلىدلىك ھەرىكەت ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئېپتىدائىي دەۋردە پەيدا بولغان

نىقابلىق ئۇسسۇل بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ، ھايۋان شەكلىگە كىرىپ، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ ئۇسسۇل ئوينىغان. ئۇلار بۇ ئۇسسۇلى ئارقىلىق شۇ خىل ھايۋانلارنى ئوۋلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشقان. «ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان قەبىلىسىدە 10 دىن 30 خىلغىچە ئۇسسۇل ئېقىپ يۈرگەن. ھەربىر ئۇسسۇلنىڭ مۇقىم ئىسمى، چالىدىغان سازى ۋە ئاھاڭ مۇقاملىرى بولغان، يەنە ئۇسسۇلچىنىڭ قىياپىتى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى بەلگىلەنگەن. بۇلار ئىچىدە ئوۋغا چىقىش ئالدىدا ئوينىلىدىغان ياۋا كالا ئۇسسۇلى بولۇپ، ئۇسسۇلغا بەشتىن ئون بەشكىچە ئادەم قاتناشقان. ھەربىر ئۇسسۇلچى بېشىغا مۈڭگۈزلۈك كالا باش تېرىسىنى (ياكى كالا بېشى سىزىلغان نىقابنى) كىيىۋېلىپ، قوللىرىغا ئوقيا ياكى نەيزە ئېلىپ، توختىماي ئۇسسۇل ئوينىغان. ئىندىئانلاردىن بىرەرسى ئۇسسۇل ئويناپ چارچاپ قالسا، ئۇ ئېگىشىپ ياۋا كالىنىڭ يىقىلغان قىياپىتىگە كىرگەندە، مەيداندىكىلەر ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھال بىرسى كىرگەن. بۇنداق ئىخلاسمەنلىك ئارقىلىق ياۋا كالىنى ئاسانلا تۇتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان» ①. بۇ يەردە ئىندىئانلار تەقلىدى پېرىخونلۇق ئۇسسۇلنى قوللانغان بولۇپ، ياۋا كالا نىقابلىق ئۇسسۇلنى ئويناش ئارقىلىق ياۋا كالىنى ئوۋلاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشقان.

ئۇندىن باشقا ئىپتىدائىي ئىنسانلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇلىنىڭ جەڭگە كەتكەن قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن. مەسىلەن، «ئەنگلىيىگە قاراشلىق كولومبىيىدىكى تامپوسۇن ئىندىئانلىرىدا، ئەرلەر جەڭگە كەتكەندە، ئاياللار نەيزە-توقماقلارنى كۆتۈرۈپ توختىماستىن ئۇسسۇل ئويناشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇننى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلار يۈزلىرىنى قىزىل رەڭدە بوياپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، قوللىرىدىكى قوراللارنىڭ ئەرلىرىنى پالاكەتتىن ساقلاپ تېخىمۇ كۆپ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشىنى ئارزۇ قىلغان».

«كالىفورنىيىدىكى يۈكى قەبىلىسىدە: ئەرلەر جەڭگە كەتكەندە ئۆيدە قالغان ئاياللار ئۇخلىماستىن چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشقان. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر ئۇلار توختىماي ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە، ئەرلىرى جەڭدە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىكەن».

دېمەك، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشتەك پېرىخونلۇق پائالىيىتى ئىپتىدائىي ئۇسسۇلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىپتىدائىي پېرىخونلۇق ئىپتىدائىي رەسساملىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش سۈرەتلىرى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

فرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ئورغۇنلىغان ئۆڭكۈرلەردە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار قالدۇرۇپ كەتكەن كۆپلىگەن رەڭدار تام رەسىملىرى ۋە ئويما ئەسەرلەر ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە فرانسىيىنىڭ لاسكائۇس، فانت دې گائۇمې، لىگونبارا، نىيائۇس، ئۈچ ئاكا-ئۇكا قاتارلىق ئۆڭكۈرلىرى ئەڭ مەشھۇر. بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ تاملىرى ئات، بۇغا، ياۋا كالا، ماموْنت

قاتارلىقلارنىڭ رەڭلىك رەسىملىرى ياكى ئويمىلىرى بىلەن تولغان. مەسىلەن، لىگوبارا ئۆڭكۈرىنىڭ ئىچىدە 30 دەك هايۋاننىڭ رەسىمى ۋە ئويمىسى بار. بۇ هايۋانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇرغان، بەزىلىرى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان، بەزىلىرى سەكرەۋاتقان، بەزىلىرى هامىلدار ياكى يارىلانغان قىياپەتكە ئىگە بولۇپ، ئوبرازى جانلىق سىزىلغان.①

ئىچكى موڭغۇل ۋە تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن ۋە يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىكى قىيا تاشلارغا، ئالتاي، تيانشان تاغ باغرىلىرى ۋە تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىكى قىيا تاشلارغا ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ رەسساملىق ماهارەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى هايۋانلار تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇغا، تاغ ئۆشكىسى، بۆرە، تۈلكە، ئات، كالا، ئېيىق، تۆگە، ئىت، بۆركۈت قاتارلىق هايۋانلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سىزىلغان هايۋانلارنىڭ قىياپىتى خىلمۇ-خىل بولۇپ، بەزىلىرى يۈگۈرەۋاتقان، سەكرەۋاتقان، قېچىۋاتقان، بەزىلىرىگە نەيزە سانچىلغان ياكى يا ئوقى تېگىپ يىقىلغان، بەزىلىرىنى ئوۋچى قوغلاپ كېتىۋاتقان هالەتلەردە سىزىلغان.

ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنداق ئېگىز تاغ باغرىلىرىدىكى قىيا تاشلارغا ۋە خەتەرلىك تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن هەر خىل هايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىپ قويۇشى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك هەۋىسىنى ۋە زوقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ياكى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ تاپقان ئىشمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ مەلۇم ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پېرىخونلۇق پائالىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر.

قەدىمدە ئوۋچىلىق ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق مەنبەسى بولغان. ئوۋچىلىق قوراللىرى ئىنتايىن ئاددىي بولغان ئەينى شارائىتتا، ئوۋ ئوۋلىيالاش-ئوۋلىيالماسلىق پۈتۈنلەي تەلەيگە باغلىق ئىش ئىدى، بەزىدە يىرتقۇچ هايۋانلارغا ئۇچراپ قالسا ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەسكە توختايتتى. شۇڭا ئۇلار ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن پېرىخونلۇق مۇراسىملىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار تەقلىدىي پېرىخونلۇق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قىيا تاشلارغا هەرخىل هايۋان سۈرەتلىرىنى سىزغان ياكى ئويغان، ئاندىن ئوۋ ئالدىدىكى مانېۋىرنى ئېلىپ بېرىپ، سىزغان رەسىملىرىدىكى هايۋانلارغا قارىتىپ ئوقيا ياكى نەيزە ئاتقان. قايسى هايۋانغا تەگكۈزەلىسە، ئەسلى ئوۋ داۋامىدا شۇ خىل هايۋاننى ئوۋلىيالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇلار هايۋانلارنى سىزغاندا، بەزى هايۋانلارنى ئوق تېگىپ يىقىلغان، بەزىلىرىگە ئوۋچىلار ئوقياسىنى تەڭلەپ تۇرغان ياكى كولاپ قويغان ئورەكلەرگە چۈشۈپ كېتىپ بارغان هالەتتە سىزغان. مەسىلەن، شىنجاڭ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناهىيىسى شېمىستار تېغىدىكى ئاراباس قىياتاش سۈرەتلىرىدە، ئوۋچىنىڭ ئوقياسىنى بىر ئۆشكىگە سانجىپ تۇرغانلىقى، ئۆشكىنىڭ ئوق زەربىسىدىن تىركىشىۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈش سىزىلغان. بۇ ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ قانداق هايۋاننى سىزسا ئوۋدا شۇنداق هايۋانغا ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەن قارىشىنىڭ ئىنكاسىدۇر. رەسىمدىكى بەدىنىگە ئوق تەككەن هايۋان سۈرەتلىرى دەل ئۇلارنىڭ پېرىخونلۇق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئوۋ ئوبيېكتىغا ئىگە بولۇشتەك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

قىيا تاش سۈرەتلىرى ئىچىدە ئۇرۇش

تېمىسىغا بېغىشلانغان سۈرەتلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ قۇمۇل شەھىرى چىنچىك قىيا تاش سۈرەتلىرىدە، بىر تۈمۈر رودىسىغا ئۈچ پارچە ئۇرۇش تېمىسىغا بېغىشلانغان سۈرەت ئويۇلغان. بۇنىڭ بىر پارچىسىدا، توققۇز ئاتلىق ئەسكەر ۋە بىر تۆگە سىزىلغان بولۇپ، بۇلار شەرقتە بەش، غەربتە تۆتتىن بولۇپ، ئىككى سەپكە ئايرىلغان. غەربتە سەپ تارتىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى سېمىز، تىمەن، ئەسكەرلىرى ناھايىتى جەسۇر، باتۇر بولۇپ، ئۇزۇن نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقان قىلىپ سۈرەتلەنگەن. شەرق تەرەپتىكىلەرنىڭ ئات ۋە ئەسكەرلىرى كىچىك، ئىرادىسى بوشاڭ، بەزىلىرى ئېتىنى كەينىگە بۇراپ قېچىشقا تەييارلىنىۋاتقان، بەزىلىرى يارىلانغانغا ئوخشاش مەغلۇبىيەتلىك كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن. بۇ سۈرەتتىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ھالىتىنى سىزىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشنى ئۈمىد قىلىشتەك پىرىخۇنلۇق ئىدىيە ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدىكى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك ئىپتىدائىي پىرىخۇنلۇق پائالىيىتى ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئىپتىدائىي پىرىخۇنلۇق نۇرغۇن ئاكتىۋال روللارغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئەينى دەۋرنىڭ ئىلىم-پېنى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناپ قالماستىن، يەنە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن. پىرىخۇنلۇقنىڭ مېدىتسىنا ۋە ئاسترونومىيە جەھەتتىكى تۆھپىسىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. قەدىمكى دەۋردە مېدىتسىنا پىرىخۇنلۇق بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان. ئەينى دەۋردە كېسەل داۋالاش پىرىخۇنلارنىڭ مەخسۇس كەسپى بولۇپ، ئۇلار بىر قىسىم ئادەتتىكى دوختۇرلۇق بىلىملىرىگە ئىگە ئىدى. پىرىخۇنلار، بىر تەرەپتىن، پىرىخۇنلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كېسەل داۋالاش، دورا يىغىش، دورا ياساش قاتارلىق دوختۇرلۇق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن پالنامە كىتابلىرىدا دورىگەرلىك ۋە داۋالاشقا ئائىت كۆپلىگەن بىلىملەر خاتىرىلەنگەن. مانا مۇشۇ داۋالاش پىرىخۇنلۇقى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆپ تۆھپە قوشقان.

قەدىمدە پىرىخۇنلار يەنە يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىش ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە قاراپ كەلگۈسىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ۋە ياخشى-يامانغا بىشارەت بەرگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلىگەن. مانا بۇ كېيىنكى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

پىرىخۇنلۇق باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تەسىر دائىرىسى زور بولغان، كەڭ ئومۇملاشقان، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تولۇق يوقاتمىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. بۇ تېما ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد، ئىپتىدائىي ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئـل قسـاسى منـلـهـق

بۇرۇنقى زاماندا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ يىراق بىر سەھراسىدا ئابدۇلھەق، دىلئارام ئىسىملىك بىر جۈپ قىز-يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار تام قوشنا بولۇپ، كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ، بىرگە يەر تېرىپ، چارۋا بېقىپ چوڭ بولغاچقا، كۆڭۈل رىشتىسى بىر-بىرىگە باغلىنىپ قاپتۇ. باغلانغاندىمۇ، ھەرقانداق ياتنىڭ زۇلپىقارى ئۈزەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىكەن. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئىشق-ئىقرارلىق ئىلكىدە توي مەرىكىسىگە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ئىش بوپتۇ:

بىر كۈنى قوشنا ئەلنىڭ شاھى نەۋكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئابدۇلھەق بىلەن دىلئارام تۇرۇشلۇق كەنتكە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئوۋ ئوۋلاپ، باغ ئارىلاپ ئىچ پۇشقىنى چىقارغىلى سەپەرگە چىقىپ، يولدىن ئېزىپ قالغان ئىكەن.

— ئوھوي! بۇ يەر جەننەت ئىكەنغۇ، جەننەت! — دەپتۇ شاھ بۇك-باراقسان باغ-ۋارانلىق مەھەللىنى كۆرۈپ ۋە ئاتتىن چۈشۈپ باغقا كىرىپتۇ.

باغدا دىلئارام رەڭگارەڭ چېچەك ئاچقان گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى كۆلچەك بويىدا كۆزى ئەما سىڭلىسىنىڭ چېچىنى ئۆرۈۋاتقان ئىكەن. شاھ دىلئارامنىڭ تولۇن ئايدەك جامالى، غۇنچە بويىغا زىپ ياراشقان سۇمبۇل چېچى، قاپقارا قېشى، ئانارنىڭ دانىسىدەك جۈپ مەڭزىگە قاراپ تاڭ قېتىپ قاپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، دىلئارامنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

— ئاھ! گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، يۈرىكىمنىڭ يەككىپارىسى رەنا، — دەپتۇ شاھ ياقۇت كۆزلۈك كۈمۈش كەمىرىنى يېشىپ تاشلاپ، مەيدىسىنى نەم توپىغا يېقىپ، — تەڭرى ئاخىرى سىزنى ماڭا يەتكۈزدى، 44 مەلىكەمگە روگەي قىلاي دەيمەن، سۆز بېرىڭ.

كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان دىلئارام تېگىرقىغىنىدىن زوۋۋان سۈرەلمەي يىغلىۋېتىشكە تاسلا قاپتۇ. كېيىن زورىغا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، رەھىم-شەپقەت قىلغايلا، تەڭرىم تۆرىلىشىمدىلا ماڭا باشقا بىرسىنى ھەمراھ قىلغان. ئۇ مېنىڭ باشپاناھىم، جان جىگىرىم، ئۇنىڭدىن ئۆزگىسى لازىم ئەمەستۇر.

بۇ گەپ شاھنىڭ دىلىغا تېگىپتۇ. ئۇ ئاچچىقىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— نامۇ-شەرىپىنى بىلەرسەنمۇ، نازىنىن؟

— يوقسۇ، موللا تاپقاق ئەمەستۇرمەن شاھ.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇر، نازىنىن، پېقىر شەمشات شاھنىڭ شاھزادىسى قەمەرشاھ بولۇرمەن. لەشكىرىم بىر تۇمەن، چاكىرىم ئۇنىڭدىن ئارتۇق،

يەر-زېمىن، چارۋا-مال، لالە-ياقۇت، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىمنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. ئېيتىڭلارچۇ، دېگەنلىرىم راستمۇ-يالغان؟ — دەپ قېشىدا سەپ تارتىپ تۇرغان مۇلازىملىرىغا قاراپتۇ.

— قىلچە سەۋەنلىك يوق، شاھىم، — جاۋاب بېرىشىپتۇ مۇلازىملار قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، باشلىرىنى ئېگىپ، — لېكىن ئۇردىدىكى مەلىكە ۋە ئۇلارنىڭ چاكارلىرىنى ساۋىدايىدىغان دەررىلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلا، ئۇلارنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزدىنمۇ كۆپتۇر.

بولۇنغان سۆھبەتلەردىن مەلۇم بوپتۇكى، قەمەرشاھ كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ يۇرۇپ يۇرت سوراشنى، مال-دۇنيا جۇغلاشنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، شەمشادشاھ خاندانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئالتۇندىن تاج تاقاپتۇ، ياقۇت كۆزلۈك كۈمۈش كەمەر باغلاپتۇ، قىلىچ ئېسىپتۇ. ئۇ ياساۋۇللىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ ھەپتىگە بىر قېتىم، ئېيىغا تۆت قېتىم يۇرت ئارىلايدىكەن، نەدە چىرايلىق قىز بولسا تۇتۇپ كېلىپ ھەرەمخانىسىدا تۇرغۇزۇپ، نۆۋەت بىلەن خوتۇن قىلىدىكەن، يارىغانلىرىنى مەلىكىلەر قاتارىغا قوشىدىكەن، ياش يىگىتلەرنى بولسا چاكارلىققا تۇتىدىكەن، ئالۋاڭ سېلىپ پۇقرالارنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىكەن، بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنىڭ گەدىنىدە قىلىچ ئوينىتىدىكەن. ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدىكەن. شۇڭا، دىلئاراممۇ كاجلىق قىلماي شاھنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىكەن.

— قانداق، نادان قىز، غوجىكاڭنىڭ كىملىكىنى ئەمدىغۇ بىلگەنسەن! ماڭ بۇياققا، — دەپ دىلئارامنىڭ قولىدىن تارتىپتۇ شاھ كۆرەڭلىگەن ھالدا. دىلئارام چىرايلىق بىرنى كۈلۈپ:

— ئالىيلىرى، ئۆزرەم بار، ئاڭلاپ باققايلا، — دەپتۇ.

دىلئارامنىڭ تاتلىق كۈلكىسىدىن مەست بولغان شاھ:

— قېنى، نازىنىن، قۇلىقىم سەندە، ئۆزرەڭنى ئېيت، — دەپتىكەن، دىلئارام سىڭلىسىنى جايلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ. شاھ شۇئان قوشۇلۇپتۇ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى توي تەييارلىقىغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى دىلئارامنىڭ قېشىدا قاپتۇ.

ئەسلىدە دىلئارام كۆرەڭ شاھنى باپلاشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىكەن. نازىنىن كۈلچەك بويىغا چۈشەك سېلىپ، جاي راسلاپ شاھنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ، سىڭلىسىنى ئۇنىڭ ئۈچىسىنى تۇتۇپ قويۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى پەي يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپتۇ. شاھ يەتتە قات مامۇق كۆرپە ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىپ يېتىپ، بىردەمدىلا خورەككە چۈشۈپتۇ. شۇ ئارىدا ئابدۇلھەق ئېتىزلىقتىن قايتىپ كەپتۇ ۋە شاھنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نېمە ئادەملىكىنى دىلئارامدىن سوراپتۇ. دىلئارام بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئابدۇلھەقنىڭ سەپرايى ملك گەز ئۆرلەپ، قۇيقا چاچلىرى تىكلىشىپ، شاھزادىنى چاپماق بولۇپ كەتمەننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپتىكەن، دىلئارام ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، شاھنى قەتلى قىلساق ئىش چاتاق، كۆزلىرىمىزنى باسىدۇ چاپاق، — دەپتۇ. ئابدۇلھەق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— ئۇنداق بولسا قېچىپ كېتەيلى يىراققا، شاھ چۈشسۇن تاپان-توزاققا، — دەپتۇ.

دىلئارام بېشىنى چايقاپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىزنىڭ جېنىمىزنى ياقىغا ئالمىقىمىز ئاسان، ئەمما تۈگمەيدۇ چاكارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ بېشىدا چۆگىلەۋاتقان غەليان. مەن ئامال تېپىپ قويدۇم، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، پالۋان.

شۇ گەپتىن كېيىن دىلئارام ئاشىقىنىڭ قۇلىقىغا بىرنىمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاپتىكەن، شۇئان ئابدۇلھەقنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، دىلى يايراپ ئېتىزلىققا كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، دىلئارام ئۇنى توخۇ سۈتىدىن باشقا تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەر بىلەن ناھايىتى كاتتا كۈتۈۋاپتۇ. ئۆزى بولسا رەڭگارەڭ كىيىنىپ، تۈمەنمىڭ ناز-كەرەشمە بىلەن شاھنىڭ يېنىدىن ئايرىلماپتۇ. شاھ ئاشىق بىقارارلىقتىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپتۇ.

مۆھلەت ۋاقتى توشۇپ، شاھنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئوردا ۋەزىرلىرى، يۇرت كاتتىلىرى، ھەرەم قىزلىرى، مۇلازىملار قىرىق مەپە تەييارلاپ قىز يۆتكىگىلى كەپتۇ. ئاتلىق لەشكەرلەر سەپ تارتىپ ھۆرمەتتە تۇرۇپتۇ. داقا-دۇمباق، نەغمە-ناۋا ئاۋازى كۆككە يېتىپتۇ. دىلئارام ھۆر-پەرىلەرچە ياسىنىپ، جىلۋىلىرىنى ئويىنىتىپ، شاھنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە بىر شەرتى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— چاققان ئېيت، نازىنىن، سەن ئۈچۈن ئاسماندىكى يۇلتۇزنىمۇ ئۈزۈپ بېرىشكە تەييارمەن، — دەپتۇ شاھ ئاشىقلىقتا مەجنۇنلارچە ئۆزىنى يوقىتىپ. دىلئارام ناز-كەرەشمىلىك كۈلۈپ دەپتۇ:

— نېمىلا شەرت بولسا كۆڭلۈمنى ياندۇرماسلىق خۇسۇسىدا تىل خەت بېرىڭ شاھىم، شۇندىلا ئېيتۇرمەن.

— ئىككى قولۇم كۆكسۈمدە، — دەپتۇ شاھ ۋە مەشۇقىنىڭ تەلىپىنى ھايالسىز بەجا كەلتۈرۈپ، مۆھۈرىنى بېسىپ بېرىپتۇ، ۋەزىر-ۋۇزرالار، قازى-قۇززاتلار، لەشكەر بېشى، چاپارمەنلەر شاھىدلىقتىن ئۆتۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دىلئارام شەرتىنى ئېلان قىلىپ، شاھلىق تاج، تامغا، بارلىق جايلىق مال-مۈلۈك، قىرىق تۆت مەلىكە ۋە ئوردىدىكى بارلىق چاكار-قۇللىرىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرغايلا، شاھىم، مەن ئۇلارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى توي مەرىكىسى ئۆتكۈزىمەن.

شاھنىڭ ئەس-يادى دىلئارامدا بولغاچ، دىلئارامنىڭ يۇقىرىقى شەرتلىرىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەي، ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ. دىلئارام يۇقىرىقى نەرسىلەرنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئابدۇلھەقنى ياردەملەشتۈرۈپ، شاھتىن ئۆتكۈزۈۋالغان پاتمان-پاتمان ئالتۇن-كۈمۈش، مال-دۇنيا، چارباغ، يەر-زېمىنلارنى پۇقرالارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. قىرىق تۆت مەلىكىنى قىرىق تۆت بويتاق چاكار بىلەن تويلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. شاھلىق تاجنى ئابدۇلھەقنىڭ بېشىغا تاقاپ، شاھلىق مۆھۈرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ ئابدۇلھەق بىلەن توي قىپتۇ. يۇرت ئەھلى «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېيىشىپ، زالىم پادىشاھتىن قۇتۇلۇپ، خەلق سۆيەر شاھقا ئىگە بولغانلىقلىرىدىن تەنتەنە قىلىشىپ، بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ، قانغىچە شاراپ ئىچىپ، ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ئەقىللىق دىلئارامنىڭ تەدبىرى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى بىلگەن شاھ ئەلەمگە چىدىماي دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **بىگىمخان**

توپلىغۇچى: **سېيىت زۇنۇن**

# 11- ئەسىردىكى ئۇلۇغ فولكلور پېشۋاسى

# مەھمۇت قەشقەرى

يارمۇھەممەت تاھىر

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شانلىق مۇساپىسى 11- ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت بۆشىكى، قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئۇلۇغ بىر مەدەنىيەت ئەربابى يېتىشىپ چىقتى. ئۇ زات دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە يۈكسەك ئېتىۋارغا ئېرىشكەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىدۇر.

مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن قۇدرەت تاپقان، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، خەلق پاراۋان تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن بىر دەۋردە ياشىدى. مەھمۇتنىڭ ئاتا-ئانىسى قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن ئىدى. بۇ خىل ئەۋزەللىك ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرق دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ۋە «مەدرىسەئى سامىيە» دە ئوقۇپ، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە، ئەدەبىيات- سەنئەت، ئىلمىي نۇجۇم، ماتېماتىكا، لوگىكا جۇغراپىيە، تارىخ، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ئىلمىي ساھەلەر بويىنچە تەربىيىلىنىپ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن يۇقىرى كامالەت تارىخ ئۇنىڭغا يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يېتەرلىك مەنىۋى ئاساس ئىدى.

ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋر شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن بەلگىلىك مەجبۇرىيەت ئارتقان بولىدۇ. بىراق، «ئادەم قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ» دېگەندەك، دەۋرنىڭ مەجبۇرىيەت يۈكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە كۆپرەك يۈكلەنگەن بولىدۇ. دەۋر يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتنىڭ قانداق ماھىيەتتە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئۇنى توغرا ھېس قىلىش ۋە ئۇنۇملۇك ئىنكاس قايتۇرۇشتا. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىگە يۈكلەنگەن دەۋر تەلىپىنى توغرا ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزى قىلىۋاتقان بۈيۈك ئەمگەكنىڭ قىممىتىنىمۇ يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلالىغان. شۇڭا، ئۇ ئەسىرىنىڭ بېشىدا پەخىرلىك ھېسسىياتتا تۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى <تۈرك> دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى: ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۆرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەر

بىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق ①».

مەھمۇت ئارقىسىدىن بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا ھەقىقانىي ئىشتىراك قىلغان دەۋرنىڭ مۇھىم بىر تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى مەقسەت قىلغان يەنە بىر نىشان ۋە ئۇ ئۈستىگە ئالغان يەنە بىر مەجبۇرىيەت تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك ئىدى. تارىخ تەرەققى قىلىپ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر يېزىق شەكلىدە ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ياراتقان ئاغزاكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بارا-بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە يۈزلەندى. شۇڭا خەلق ياراتقان بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى ئەۋلاد-ئەۋلاد قالدۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى ئۆچۈرمەسلىكتەك مۇھىم تارىخىي ۋەزىپە مەھمۇتنىڭ ئالدىدا تورغا مۇقەددەس ئىشنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەسەرنى «ئەبەدىي يادىكارلىق، پۈتمەس تۈگىمەس بايلىق قالسۇن» دەپ بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتىكى زۆرۈرىيەتنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئويغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىر مۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى- يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم... ئۆگىنىشنى خالىغۇچىلارغا توغرا نىشان كۆرسىتىپ كەڭ يول ئېچىپ بېرىش، يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. جۈملىدىن، تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن- بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن قايغۇلۇق ۋە خوشال كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال- تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۈردۈم. تاكى ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلار كېيىنكىلەرگە، ئۇلار ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە يەتكۈزسۇن ②».

مەھمۇت قەشقەرى، بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان باي ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى ئەرەپلەرگە تونۇشتۇرۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورنىنى نامايەن قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى توپلاپ ئەۋلادلارغا قىممەتلىك مىراس قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ مۇشەققەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشقا قەدەم قويىدى.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزى نىيەت قىلغان بۇ بۈيۈك ئەمگەك ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ قان-تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئەسىرىنى تەلەپكە لايىق ۋە مۇكەممەل يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ كەڭ تېررىتورىيەدە ئولتۇراقلاشقان بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى، ئۇرۇق-ئايماقلارنى، ئۇلارنىڭ شەھەر قەلئەلىرىنى، يېزا-قىشلاقلىرىنى بىرمۇ-بىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇ جەريانىدا تاغ-داۋانلارنى ۋە چۆل-جەزىرىلەرنى كېسىپ ئۆتەتتى. بۇنداق چوڭ سەپەر ئەينى دەۋر شارائىتىغا نىسبەتەن

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، 6 — 7-بەتلەر

تولىمۇ مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق ئىدى. بىراق، ئۇ مۇقەددەس بۇرچى ئالدىدا ھەرگىز تەۋرەنمىدى. ئالىم ئۆزى مىسال ئالغان «تاغ ۋە دۆڭلۈكلەر يۇمشايدۇ، ساڭا كۆڭلۈم يۈگرەك بولغاچقا» دېگەندەك، ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ۋە مىللىي ئىپتىخارى ئالدىدا ۋەتەن قوينى ئۇنىڭغا كەڭرى يول ئېچىپ بەردى. نەتىجىدە ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ۋە ئۇلۇغۋار ھاياتىنىڭ بەدىلىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ قامۇسنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا بىر قىممەتلىك ئابىدە تىكلەپ بەردى.

بىز يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك. «تۈركىي تىللار دىۋانى» يالغۇز تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسەر ئەمەس، بەلكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىي ھاياتىنى، ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت-سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپە ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن مۇكەممەل قامۇس. ئۇ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە فولكلور تەتقىقاتىمىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن. بۇ سۆزلەم ناھايىتى قىممەتلىك بولغان ئىبارىلەر ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى بىلەن ئىزاھلانغان بولۇپ، ئۇنى فولكلور نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە مۇنداق ئىككى تۈر بويىچە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئەينى دەۋردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇ نەمۇنىلەر قوشاقلار، ماقال-تەمسىللەر، ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1-قوشاقلار

«تۈركىي تىللار دىۋانى» غا جەمئىي 242 كۇبلېت قوشاق ۋە شېئىرىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلارنى مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن: 1) داستانلاردىن پارچىلار، يەنى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇشلار، دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلى مۇسۇلمان بولغان تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ «تات» (كاپىر) ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرى، تۈركەشلەر ۋە ياباقلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، جۈملىدىن، توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى داستانلاردىن پارچىلار. 2) مەرسىيەنامىلار. بۇنىڭدا ئاساسەن ئاپراسىياپ ھەققىدىكى مەرسىيە نامىلار ۋە نامەلۇم قەھرىمانغا بېغىشلانغان مەرسىيەنامىلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. 3) قوشاقلار. بۇ ئۆز ئىچىگە مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئەمگەك قوشاقلىرى، ئوۋ قوشاقلىرى، تەبىئەت تەسۋىرى ھەققىدىكى قوشاقلار، جەڭ قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى ئالىدۇ. 4) ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەت ھەققىدىكى قوشاقلار.

يۇقىرىقى قوشاقلارغا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك ھايات تارىخىدا دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن پەيدا بولغان قايغۇلۇق ھېسسىياتلىرىنىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت تەنتەنىسىنىمۇ شېئىر-قوشاق شەكلى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتلىك قەلبىنى ئىزھار قىلىشقان. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى شېئىر-قوشاقلىرى ئۇلارنىڭ ھايات مۇساپىسىنى، ياشاش ئۈچۈن بولغان تۈرلۈك كۈرەش پائالىيەتلىرىنى، دۇنيا قارىشى ۋە غايىۋى ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى نامايەن قىلىپ

بېرىدىغان بەدىئىي ئەينەك.

2. ئەپسانە-رىۋايەتلەر

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھايات بىلىملىرىنى ئاساس قىلىپ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ياراتقان. بۇ مىڭلىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تارىخىي مۇقەررەرلىك تۇپەيلى ئۆلگەن، بىر قىسمى خەلق ئارىسىدىن ئىبارەت مۇقەددەس دەپتەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، شەھەر-قەلئەلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مۇھىم تارىخىي شەخسلەرگە باغلانغان خېلى كۆپ ئەپسانە-رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەرگە باغلانغان ۋە كۆيلىگەن رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، زۇلقەرنەيىنگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر تارىخىي قىممىتى جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «تۈرك» ھەققىدىكى رىۋايەت، «چىگىل» ھەققىدىكى رىۋايەت، «ئۇيغۇر» ھەققىدىكى رىۋايەت، «توبوت» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىزنى مول تارىخىي ئۇچۇر ۋە ئېتنىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى.

3. ماقال-تەمسىللەر.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا يەنە 300گە يېقىن ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كىرگۈزگەن. بۇ ماقال-تەمسىللەر مەزمۇن جەھەتتىن باي، قۇرۇلمىسى ئۇيۇلتاشتەك مەھكەم بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى ناھايىتى مەركەزلىك خۇلاسىلاپ بەرگەن ھايات پەلسەپەسى. چۈنكى، بۇ ماقال-تەمسىللەردە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ناھايىتى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغلۇقى، خەلق كۈچىنىڭ چەكسىز زورلۇقى، ئىلىم-پەننىڭ خاسىيىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى، ۋەتەننى ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيەلىرى، مېھمان-دوستلۇق، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى قاتارلىق كىشىلىك تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ناھايىتى مەركەزلىك خۇلاسىلانغان. ئۇنىڭدا ئورۇن تۇتقان بۇ ھېكمەت دۇنياسى بىزنى ناھايىتى كۆپ تەجرىبە-ساۋاقلار بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ خەلقىمىزنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ ھايات پەلسەپەسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك قورال.

ئىككىنچى، مەدەنىيەت ئادەتلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق دەۋرىمىزگە سوۋغا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكى شۇكى، بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ياشاش سەنئىتى، ھەرخىل مەدەنىيىتى، ئادەتلىرى، تۈرلۈك مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى زىيارەت قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىمىز.

قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، مىللىي مەدەنىيەت ئادەتلىرى كۆپ خىل ئۆرۈپ-ئادەتلىرى رەڭگا-رەڭ بولغان شانلىق بىر تارىخىي باسقۇچ ئىدى. بىراق، ئۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىزگە پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا يېتىپ كەلگەن. تەلىيىمىزگە يارىشا «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيەت ئادەتلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدە بىزگە ئاجايىپ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى ئېلىپ كېلىپ بىزنىڭ مەدەنىيەت

تەتقىقاتى ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىشلىرىمىزنى ياخشى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۇيغۇر ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارغا بۆلۈپ تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ:

1. مۇراسىم شەكلىنى ئالغان ھەر خىل مەدەنىيەت ئادەتلىرى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كۆپ خىل مەزمۇن ۋە خىلمۇ خىل شەكىللەر بويىچە راۋاجلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغان ۋە بېيىتقان. مەھمۇت قەشقەرى بۇنداق مىللىي ئادەتلەردىن توي مۇراسىمى ۋە توي جەريانىدىكى تۈرلۈك پائالىيەت شەكىللىرى، ئۆلۈم-يىتىم، نەزىر-چىراق ئىشلىرى ۋە بۇ جەرياندا ئورۇنلىنىدىغان تۈرلۈك قائىدە-يوسۇنلار، ھەر خىل قەدىمكى ئېتىقاد ۋە چوقۇنۇش ئادەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار، تۈرلۈك زىياپەت شەكىللىرى ۋە مەشرەپ قائىدىلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ھەر خىل ئېلىش-بېرىش، باردى-كەلدى جەريانىدىكى مۇناسىۋەت قائىدىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش ئادەتلىرى قاتارلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى خېلى كۆپ تەرەپلەرنى تونۇشتۇرغان. بۇنداق مەدەنىيەت ئادەتلىرىگە ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار ئارقىلىق ھەرگىز ئېرىشىش مۇمكىن بولمايتتى.

2. كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت ۋە پەرداز قىلىش ئادەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار.

1) مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە ئائىت خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇلار كونكرېت تۈرلەر بويىچە قارىغاندا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كىيىنىشىدىكى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا پەسىللەر بويىچە كېيىدىغان كىيىم-كېچەك تۈرلىرى، ئىچكى ۋە تاشقى كىيىم تۈرلىرى، مۇراسىم كىيىملىرى ۋە كەسپىي كىيىم تۈرلىرى، شۇنداقلا قوشۇمچە كىيىملەر، يەنى يامغۇرلۇق، پەلەي، پەشتامبال قاتارلىقلارغا ئوخشاش خېلى كۆپ تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ مەلۇماتلار قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئاياللارنىڭ زىبۇ-زىننەت تاقاش ئادەتلىرىگە ئائىت مەلۇماتلارمۇ بىزنى زىبۇ-زىننەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بىز بۇ دۇنيادا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھەرخىل پارقىراق تاشلار، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مەرۋايىت قاتارلىق قىممەت باھالىق بۇيۇملاردىن زىرە، ئۈزۈك، بىلەيزۈك، ھەرخىل نۇسخىدىكى قاداق ۋە مېدالىيونلارنى بويۇن، قۇلاق، قول ۋە قول بارماقلىرىغا، كىيىم-كېچەكلىرىگە تاقاپ يۈرگەن جىلۋىگەر قىياپىتىنى كۆرىمىز.

3) ئۇيغۇرلار گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ. ئۇلاردىكى مۇنداق گۈزەللىككە بولغان كۈچلۈك شەيدالىق ئۇلاردا ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان تەبىئىي گۈزەللىككە قانائەت قىلماي، ئۇنى ھەرخىل پەرداز ۋە گىرىملەر بىلەن تېخىمۇ گۈزەل قىلىشقا تىرىشقان. مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەرداز ۋە گىرىم قىلىش ئادەتلىرىگە ئائىت خېلى مۇھىم مەلۇماتلارنى تاپشۇرغان بولۇپ، بىز بۇ ئۇچۇرلاردىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن تونۇشىمىز ۋە گىرىم قىلىش ۋە پەرداز قىلىش ئادەتلىرىدىن ئۆزگىچىلىكلەرنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇقىرقى ئادەتلىرىدىن ئىپادىلەنگەن جىلۋىگەر دۇنيا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورنىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى ۋە مىللىي

روھىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئورنى ئىگە ھېسابلىنىدۇ.

3. يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى.

بىر مىللەتنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىمۇ شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆلچىگەندىغان ئۆلچەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى خېلى قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەردىلا تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، سۈپىتىنىڭ يۇقۇرىلىقى بىلەن دۇنيادا داڭ چىقارغان. قاراخانىلار دەۋرىدە بولسا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەن. مەھمۇت قەشقەرى بۇ دەۋردىكى يېمەك-ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەلۇماتلاردىن ئاتمىشتىن ئارتۇق نەمۇنە قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز دەۋرىدىكى يېمەك-ئىچمەك تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، بەزىلىرى يېمەك-ئىچمەككە كېتەرلىك خۇرۇچلارنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا مەھمۇت قەشقەرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا كامالەتكە يەتكەن ئاشپەز سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىم بەزى تاماق تۈرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي رىۋايەتلەرنىمۇ ھەم خاتىرىلەپ قالدۇرغان. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىدىكى تەرەققىياتنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

4. باللارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ئائىت مەلۇماتلار.

ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپ ئەقلى ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن زېرەك، جۇشقۇن يېتىلىشى ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئارزۇ-ئۈمىدكە ماسلاشقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ پىشخىك ئالاھىدىلىكى، قىزىقىشى ۋە مەنىۋى تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان يۈزلىگەن ئويۇنلارنى ئىجاد قىلىشقانىدى. بۇنداق ئويۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئادەتلىرىدە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەڭ ياخشى نەمۇنە.

مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان ئويۇنلاردىن ئون نەچچە خىلنى ئويۇنلۇش ئالاھىدىلىكىگە قەدەر تەپسىلى تونۇشتۇرغان. بۇ ئويۇنلار ئىچىدە سەنئەت شەكىللىرىدىن باشقا تەنتەربىيە خاراكتېرىدىكى ئويۇنلار، زېھنى كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئويۇنلار، ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ئويۇنلار قاتارلىق كۆپ خىل ئويۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئاشۇ خىل ئويۇنلارنى ئويناشقا ۋە ئىجاد قىلىشقا قاتناشقان. ئۇ شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشىنى زۆرۈر ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئىجاد قىلغان ھەرخىل ئويۇنلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ، ھازىرقى زاماندىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا زور رول ئوينىماقتا. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ دەۋرىمىز ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك تەۋەرۈكى ھېسابلىنىدۇ.

5. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەنھەرىكەت تۈرلىرى ھازىرقى زامان دۇنيا تەنتەربىيە مۇنبىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ

كەلمەكتە. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋە جەڭ ماھارىتىنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا قەدىمكى دەۋرلەردە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى قەدىمكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئانچە تەپسىلى تونۇشتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن

ئەسەردە ئېلىنغان تەنتەربىيەگە مۇناسىۋەتلىك قىسقا-قىسقا بايانلاردىن ئۆز دەۋرىدىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا توپ مۇسابىقىسى (چەۋگەن توپ)، بەيگە مۇسابىقىسى، سۇ ئۈزۈش، سۇغا چۆمۈلۈش ۋە سۇ دەسسەش مۇسابىقىسى، قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى، شاھمات مۇسابىقىسى ۋە چېلىش مۇسابىقىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھال كۆز ئالدىمىزدا جاللانغان جۇشقۇن بىر روھى كەيپىياتنى نامايەن قىلىدۇ.

6. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يۇقىرىقى تۈرلۈك مەدەنىيەت ئادەتلىرىدىن باشقىمۇ يەنە كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئادەتلىرى بىلەن، مەسلەن، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئايرىم قەبىلىلەرگە خاس بولغان مەدەنىيەت ئادەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، كالىندارچىلىق، تىبابەتچىلىك ئادەتلىرى، قەبىلە نامىلىرى ۋە ئەمەل-ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ قوللۇنۇش ئادەتلىرى، ئۆيلەرنى بېزەش ئادەتلىرى، پۇل مۇئامىلە، سودا-تىجارەت ئادەتلىرى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز.

دېمەك، مەھمۇت قەشقەرىنى ھەقىقىي فولكلور تەتقىقاتچىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور مۇنبىرىدىكى بىرىنچى ئورۇن شەكسىز مەھمۇت قەشقەرىگە مەنسۇپتۇر.

## ماقال-تەمسىللەر

باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر.

توخۇ سەمرىسە تۇغمىقى تەس،
ئادەم سەمرىسە قوپمىقى (تەس).

بۇلبۇل گۈل بار يەردە،
ھۆرمەت دوست بار يەردە.

باللار چوڭ بولۇشنى ئويلىسا،
چوڭلار ياشىرىشنى ئويلار.

ھورۇننىڭ ئىمارىتى— قارا سۆگەتنىڭ سايىسى.

چوڭ قوغۇننىڭ تىلىمى كۆپ،
تىرىشچاننىڭ بىلىمى (كۆپ).

ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا يوق.

توپلىغۇچى: سۇلتانەم

# كەلمىگىدەك مېنىڭ يارىم

باغلىرىڭنى سەيلە قىلىپ،
ئارغامچا سالدىم تالىغا.
پات كېلەرمەن دەپ بېرىپ،
يالغانچى بولدۇم يارىغا.

يېڭى يار ئوبدان نېمە،
تاۋاق-تاۋاق گۈل كەلتۈرەر.
كونا يارنى ئويلىسا،
خۇمار كۆزىگە ياش كەلتۈرەر.

ئېچىلەر جەننەت قوۋۇغى،
يېپىلەر دوزاخ ماڭا.
يەتتە دوزاخ ئوتىدا
كۆيگەنچە كۆيدۈم مەن ساڭا.

باغقا كىرمەك ئاساندۇر،
بىرلا كىرگەندىن كېيىن.
يارنى سۆيمەك ئاساندۇر،
بىرلا سۆيگەندىن كېيىن.

ئاتلىدىم ئۆتەلمىدىم،
چامدامۇ يېتەلمىدىم.
ئاران تۇتقان يارىمنى
مەن تاشلاپ كېتەلمىدىم.

كېچىلىك ئۇيقۇمنى تاشلاپ،
يارىم سايان ئات چاپتىم.
سەھەرنىڭ شامالىدا،
يارنى كېلىپ ئويغاتتىم.

ئۇسسىغاندا سۇ ئىچتىم،
يىراقتىكى بۇلاقتىن.
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم
شېرىن سۆزلۈك ئوماقتىن.

مەن ئۆزۈم جۈپلۈك جۈگان،
ئېرىم بار تۆر باشىدا.
يۈرۈشۈم پۈجۈك يۈرۈش،
ئولتۇرۇشۇم يار قاشىدا.

ئايمۇ چۈشتى ئويمانغا،
كۈنمۇ چۈشتى ئويمانغا.
مەيلىمىز چۈشۈپ قاپتۇ
باينىڭ قىزى ئايخانغا.

خەتنى يازدىم كېچىدە،
يېرىم سائەت ئىچىدە.
كۆرۈشكىلى نېسىپ بولسۇن
بەخت-سائادەت ئىچىدە.

قىزىل تاۋار تون كىيىپسىز،
كىمخاپتىن ئىزما.
يارىم مېنى يىراقتا دەپ،
كۆڭلۈڭنى بۇزما.

شاخلاپتىمۇ شاخلاپتۇ،
هاي-هاي تېرەك شاخلاپتۇ.
هاي- هاي تېرەك سايىدا
مېنىڭ يارىم ساقلاپتۇ.

بارغىچە ئوبدانلا باردۇق،
يانغىچە تاشلىق بىلەن.
خويمغۇ داڭلار كۆتەردۇق
يار قەلەم قاشلىق بىلەن.

بېشىغا گۈڭگۈك① كىيىپتۇ،
تېشىغا شالدىر پەلەك②.
بېشىغا گۈل قىستۇرۇپتۇ،
ئوتىدا كۆيىدۇ يۈرەك.

ياردا ئالمىدەك ئەڭلىك،
ئۈگى شاپتۇلدەك رەڭلىك.
قېشىنى ئېتىپ قاراپ،
سالىدۇ ماڭا تەڭلىك.

يۇلغۇن چېچىكى سايدا،
ئالما چېچىكى باغدا.
قىز قاچار، يىگىت قوغلار
جىگدە پۇرىغان چاغدا.

يۇقىرى ئىز كەتتى دەپ،
تام ياقىلاپ ئىز باقتىلا.
ھەممە يەرنى باقتىلا،
گۈل تۈۋىنى باقمىدىلا.

يارنى مەن خاپا قىلدىم،
چىللىغان كۈنى بارماي.
كۆڭلىنى ئالاي ئەمدى،
شۇ ۋاقتىن كېيىن قالماي.

تام تۈۋىدە ئۈيادۇر③،
شىلدىر قىلسا تۈيادۇر.
ئۈزۈككىنە بىلەكنى
تۇتۇپ قويسا سۇنادۇر.

چەتمە يىپ چىگلا نىمە،
تارتىپ ئۈزەلمەيدۇ كىشى.
كۆڭلىدىكى يارىدىن
ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.

سېرىق قۇچقاچ سايرايدۇ،
سېرىق گۈلنىڭ شاخىدا.
يارنىڭ ئوتى كۆيەدۇر
يۈرىكىمنىڭ بېغىدا.

كويىڭىزدا كەتتى باشىم،
يارنى كۆرسەم - كۆرمىسەم.
سىز يارىم تىرىك بولۇپ،
كۆرىشەرمىز ئۆلمىسەم.

كىچىككىنە كەپتەر بولۇپ،
قوندۇم بېھىشنىڭ تالىغا.
ھېچ كىشى قىلماس ئىزانى
يېڭى تۇتقان يارىغا.

قېشىڭ قارا بولغان بىلەن،
ھۆسىلەڭ چاغلىق.
بىز ئىككىيلەن ئارىسىدا،
بىر پەرەڭ ياغلىق.

① گۈڭگۈك-ئەتىۋارلىق نەرسىلەرگە قارىتىلغان.

② شالدىر پەلەك-بىر خىل مەتتىقە.

③ ئۈيا-ئۈيىقۇ مەنىسىدە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى
قانچە پۇلغا ئالغانسەن.
يۈرەكتىكى ئوتلارنى
كىچىك ۋاقتتا سالغانسەن.

ھاۋانىڭ تۇتۇقلىقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلىقى.
بۇ مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم
يانىمدا يارنىڭ يوقلىقى.

يۇقىرى ساي ياقىسى،
يۇملاق دىگۈلدۈگۈچ④.
ئاۋۋال ئاينىڭ ئىچىدە،
يارىم بىلەن تۆككەن تۆگۈچ.

قارا قۇشلار ئۇچىدۇ،
قانتى سۇنى چاچىدۇ.
مېنىڭكى بىر يارىم بار،
كۈندە كۆڭۈلنى ئاچىدۇ.

ئاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە
ئايلاجۇگان سازەندىدۇر.
سازىدا ئۈن بېرىدۇ،
دىدار كۆرۈشمەك نەدىدۇر.

بارچە خەقتىن ئاڭلىسام،
كەلمىگىدەك يارىم مېنىڭ.
قايدا بولسا بارلا بولسۇن،
ئۆلمىسۇن، يارىم مېنىڭ.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
سېكىلەكنى يېتىلەپ.
سېكىلەكنى سۆيۈۋالدىم،
باغدىكى گۈلگە يۆلەپ.

ھاۋادا تۇرنا كېلىدۇ
قاتارلىشىپ غاق-غۇق قىلىپ.
يارىمنى سۆيۈۋالدىم،
يىگىمنى دالدا قىلىپ.

سەن تەلۋە دېدىڭ مېنى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارنىڭ شاملى تەگدى،
ئۆلەرمەن، تىرىلمەيمەن.

قانتىمنى لەپەڭشىتىپ
ئۇچسام بېشىڭدا.
كېچە-كۈندۈز ياتماستىن
تۇرسام قېشىڭدا.

باغدا ئۆسكەن لەيلىمەن،
تاغدا ئۆسكەن لەيلىمەن.
بىر قۇچاقلاپ يارىمنى
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمەن.

دېپى قوزۇقتا تۇرۇپ،
دېپىنى بەرمەيدۇ جۇگان.
ئۆزى خۇشخۇي، مېھرى ئىللىق،
كۆڭلىنى بەرمەيدۇ جۇگان.

(«ئاراتۇرۇك خەلق قوشاقلىرى» دىن ئېلىندى)

---

④ دىگىلدۇگۈچ — قوغۇننىڭ بىر خىلى.

# ھەركىم قىلسا ئۆزىگە

ئەشۇنداق بىر زامان ئىكەن، زاماننىڭ پەيلى يامان ئىكەن. خان-بەگلەر بۇزۇق ئىكەن، ئاۋامغا ئەندىشە ئۇزۇق ئىكەن. خان ئۆز پۇقرالىرىدىن گۇماندا-غەمدە، يالاقچى، پايلاقچىلارنىڭ قولى شۇملۇق، سەتەمدە، ئەلنىڭ قەلبى دەرد-ئەلەمدە ئىكەن.

بىر كېچىسى بىر پايلاقچى ھەربىر تۈۋشنى پايلاپ، ھەربىر ئىشىككە ماراپ، لالما ئىتتەك ھاسىراپ پالاقلاپ بىر مەھەللىدە چىراغ يورۇقىنى بايقاپ قاپتۇ. بۇ پايلاقچى شاپاشلاپ بىر توپ پايلاقچىلارنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار تۈۋش چىقارماي پەنجىرە تۈۋىگە كەلسە، ئۆي ئىچىدىن «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار» دېگەن ئاۋاز ئارىلاپ-ئارىلاپ تەكرارلىنىۋاتقۇدەك، ئۇلار بىرى ئالدىغا ئۆتسە، بىرى قېچىپ، پەنجىرە قەغىزىدىن بىر يوچۇق ئېچىپ، ئۆي ئىچىگە شۇملۇق نەزەرىنى چېچىپتۇ. قارىسا بىر بۆزچى بۆز توقۇۋېتىپ، ئاتقان مۆكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا، دۇرت ئوقۇۋېتىپ پات-پات ھېلىقى سۆزلەرنى ئېيتىدىكەن. پايلاقچى دەرھال ئوردىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئەھۋال خانغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن خاننىڭ قۇيقا چېچى تىك بولۇپ:

— بۇ بۆزچى بەك خەتەرلىك ئادەم كۆرۈنىدۇ، ئۇنى دەرھال يوق قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار! — دەپتۇ ۋەزىرلىرىگە قاراپ.

— شاھىمنىڭ ھۆكۈمى بەرھەقتۇر، — دەپتۇ ۋەزىرلەر.

— جازاغا تېگىلىرىمىز تەقتۇر، — دەپتۇ جاللاتلار.

— بۇ ئۆكتەمنىڭ يۈرىكى قاپتەك، يۈزى داپتەك ئىكەن. ئۆكتەملەرنى جازالاپ، يۇرتنى مۇتەھەملەردىن ئادالاپ تۇرماق لازىمدۇر. بۇ بۆزچىنىڭ يامان نىيىتىنى بېشى بىلەن قوشۇپ ئۈزۈپ تاشلىساق، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ ئاشلىساق، — دەپتۇ قاپاق سەللە يالاقچى.

— مىڭ ئاۋامنىڭ بېشىدىن خانلىق تەختىمىزنىڭ بىر كۈنلۈك سەلتەنىتى ئەلا، ئۇلۇغ ئالىيلىرى. يۇرتتا سۇر-دەھشە تىكە تولغان بىر سورۇن تۈزسەك، مۇتەھەمنىڭ بېشىنى شۇ يەردە ئۈزسەك. لېكىن، بۇ نېمە كۆپ بالىلىق يوقسۇل ئىكەن. ئۇنى بۇ ھالدا قەتل قىلساق، بۇزۇقلارنىڭ پىتنىسى تۆپەيلى باش ئاغرىقىدىن ساقلانماق تەس. مېنىڭچە جازاسىنى مەيلى كېيىن، مەيلى بۇرۇن، ئەمما يوشۇرۇن بەرسەك، — دەپتۇ يەئنە بىر ۋەزىر.

— ھە، شۇ چارەڭنى تېز دە! — دەپتۇ شاھ كۆزلىرىگە قان تولۇپ. قارا نىيەت ۋەزىر پادىشاھقا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپتۇ. پادىشاھ باش لىڭشىتىپتۇ-دە، مۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

— كەمبەغەل بۆزچىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك «سەدىقە» بېرىڭلار!

ھايال ئۆتمەي بۆزچى ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ كەچكى غىزاسى ئۈچۈن ئالدىغا بىر تاۋاق پولو قويۇلۇپتۇ. «ئالغىن، يە! بۇ ساڭا ساخاۋەتلىك شاھىمىزنىڭ سەدىقىسى» دەپ ھەيدەپتۇ پەرماننى بىجا كەلتۈرگۈچىلەر. بىراق، بۆزچىنىڭ ئۆيىدىكى يېرىم ئاچ خوتۇن-بالىلىرىغا كېلى

قىسىلىپ، «شاھىمنىڭ ئىلتىپاتىغا كۆپ تەشەككۈر. شاھ ئالىيلىرى بۇ ئاشنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ، بالا-چاقىلىرىم بىلەن يېيىشكە ئىجازەت قىلسا...» دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ.

بۆزچىنىڭ ئىلتىماسى شاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. شاھ بۇمۇ بولىدىكەن، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئەنسىز بۆزچى ئۇرۇق-ئۇجۇتى بىلەن قۇرۇسۇن، دەپ ئويلاپ:

— بوپتۇ، بۆزچى ئاشنى بالا-چاقىلىرى بىلەن يېسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بۆزچى بىر تاۋاق ئاشنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەلسە، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېچىپ كەتكەن قورسىقىغا هاي بېرىپ، سەۋر قىل، بۇ ئۇلۇغ شاھنىڭ ئائىلىمىزگە قىلغان سەدىقە نەزىرى-سى، ئۇنىڭغا جەزمەن ئەتىگەندە ھەممىز بىرلىكتە ئېغىز تېگىشىمىز كېرەك، دەپ ئويلاپ ئاشنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپتۇ.

شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ ئىككى شاھزادى-سى بىر توپ نەۋكەرلەر بىلەن شىكارغا چىقىپ ئامەتسىز ئوۋدىن ھېرىپ-ئېچىپ قايتقان ئىكەن. ئۇلار چىراغ يورۇقى كۆرۈن-گەن ھېلىقى بۆزچىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، ئۆيگە كىرىشىپتۇ-دە، ئاچقان قورساقلىرى ئۈچۈن چاپسانراق بىرەر نەرسە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. بۆزچى دەرھال بۇ ئېسىلزادە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، ھېلىقى بىر تاۋاق ئاشنى داستىخانغا قويۇپتۇ. ئېچىرقىغان شاھزادىلەر ئاشتىن ئىككى-ئۈچ كاپام ئالمايلا، ئاش ئۈستىگە يىقىلىپتۇ. ھەممە داڭ قېتىشىپ قاپتۇ. ۋەھىمىگە چۈشكەن نەۋكەرلەر پاتپاراق بولۇشۇپ، شاھزادىلەرنىڭ جەسىتى بىلەن بۆزچىنى دەرھال شاھ ئوردىسىغا يەتكۈزۈشۈپتۇ.

بۇ پاجىئەنى قوبۇل قىلالمىغان شاھنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپتۇ-دە، ۋارقىراپتۇ:

— ئەي بۆزچى! سەن شاھزادىلەر-نىڭ جېنىغا سۇيىقەست قىلىشقا قايسى يۈرىكىڭ بىلەن پېتىندىڭ؟

— سۇيىقەستلىك ماڭا نامۇناسىپ، ئۇلۇغ تەقسىرىم، شاھنىڭ جىگەر پارىلىرىغا يامانلىق ئويلاش مەن گادايىنىڭ ھەددى ئەمەس! — دەپتۇ بۆزچى.

— ئۇنداقتا شاھزادىلەر قانداق قىلىپ سېنىڭ ئۆيۈڭدە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ دەرغەزەپ بولۇپ.

بۆزچى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى قىسقا ئىزھار قىلىپتۇ-دە، بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

شاھىم، نەزەر قىلمايسىز
مەن بۆزچىنىڭ بۆزىگە،
ئەمما، گۇمان ئەيلىمەڭ
بۆزچىنىڭ ھەق سۆزىگە.
تىكەن تىكسە كىم يەرگە،
تىكەن ئالار، گۈل ئالماس،
تۈكۈرسە كىم ئاسمانغا،
قايتىپ چۈشەر يۈزىگە.
بەندە قازسا يوشۇرۇن بىر
بەندىگە ئورىنى،
تەڭرىم قويار ئۇدۇللاپ
شۇ ئورىنى ئۆزىگە.
ئادالەتنى كور قىلسا زورلۇق
بىلەن ھۆكۈمران،
ھەق ھۆكۈمنى كۆرسىتەر
تەڭرىم ئۇنىڭ كۆزىگە.

بۆزچىنىڭ چېچەن لەۋزىدىن ئاققان سۆزلەردىن ئەقىلدار ۋەزىرلەرنىڭ پۈت-قولىغا تىترەك ئولىشىپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى خەلق ئالدىدىكى قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، يوشۇرۇنچە ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ. ھەق جازاسىنى تېتىپ، دەرمانى قۇرىغان شاھ نېمە قىلارىنى بىلمەي تەخت ئۈستىدىلا قاپقان كېسىلى بىلەن جان ئۈزۈپتۇ. بىگۇناھ بۆزچى شۇنداق قىلىپ بالايى-بەدنامدىن ئامان قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئېلى ئاخۇن
توپلىغۇچى : ئابدىرېھىم ئېلى

# چىلى بىلەن دىۋە

ئوسمانجان مۇھەممەت تەرجىمىسى

بۇرۇن بىر يۇرت بولغانىكەن، يۇرت خەلقى ھەمىشە دىۋىلەرنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرايدىكەن. بۇ يۇرتتا چىلى دېگەن بىر يۇرت بېشى بار ئىكەن. ئۇ، دىۋىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ يۇرت خەلقىنى بەختىيار ھاياتقا ئىگە قىلىشنى نىيەت قىلىپتۇ.

چىلى يايلاقتا دىۋىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىدا ئالدىغا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم چىلىدىن:

— قاياققا كېتىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دىۋىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. سىز دىۋىلەر تۇرقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپتۇ چىلى.

ئۇ ئادەم كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئىست، شۇنىمۇ بىلمىگىنىڭنى قارا. مەن دەل سەن ئىزدىگەن دىۋە بولىمەن! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن چىلى بىلەن دىۋە نەچچە مەرتەم ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى چىلى دىۋىنى يېڭىپتۇ ۋە شەمشىرىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ دىۋىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا دىۋە يالۋۇرۇپ:

-ئەگەر مېنى ئۆلتۈرمىسەڭ ھەر كۈنى ساڭا يىگىرمە رۇپىيە بېرىمەن. ھەر كۈنى سەھەر ئويغانغىنىڭدا ياستۇقىڭنىڭ ئاستىدا يىگىرمە رۇپىيە كۆرىسەن، كېيىمگە ئىشەنگىن، قەسەم ئىچىپ بېرەي، رەھىم قىلىپ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭ! — دەپتۇ.

چىلى دىۋىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دىۋە دېگەن ئازمىدى، بىر دىۋىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن يۇرت خەلقىنى قۇتۇلدۇرغىلى بولامتى، ئۇ ماڭا ھەر كۈنى يىگىرمە رۇپىيە بېرىشكە ماقۇل بولغاندىكىن ئۇنى قويۇۋەتكىنىم تۈزۈك ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپتۇ-دە، دىۋىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ قويۇپ بېرىپتۇ.

دېگەندەك ئەتىسى ئەتىگەندە چىلى ياستۇقىنىڭ ئاستىدا يىگىرمە رۇپىيە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، بەك خۇش بوپتۇ ۋە كۆڭلىدە ئۇزۇنغا قالماي بېيىپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمما، دىۋىنىڭ بۇ ئىشى بىر ھەپتىگىمۇ بارماپتۇ. بىر كۈنى چىلى قولىنى ياستۇق ئاستىغا تىققانىكەن، قولىغا ھېچ نەرسە ئۇرۇلماپتۇ. ئەتىسى يەنە شۇنداق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىلىنىڭ غەزىپى كەپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، دىۋە بىلەن ھېسابلىشىش ئۈچۈن يەنە يايلاققا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇ، دىۋە بىلەن ئالدىنقى قېتىم

ئۇچراشقان يەردە يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە دىۋىگە كۆلىيىپ:

— «ھۇ، ئالدامچى! كېپىڭدە تۇرمىدىڭ. كۈنىگە يىگىرمە رۇپىيە بېرىمەن دېگەن قەسىمىڭ قېنى؟ — دەپتۇ.

— چىدىمىغان بولساڭ يەنە بىر قېتىم ئېلىشايلى — دەپتۇ دىۋىمۇ بوش كەلمەي.

چىلى ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا قويۇپتۇ-دە، سېنى ئالدىنقى قېتىمۇ يەڭگەن ئىدىم. ئىمىدىن قورقاتتىم، دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمما، بۇ قېتىم دىۋە غەلىبە قىپتۇ. دىۋە چىلىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپتۇ ۋە چىلىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇپ شەمشىرىنى ئۇنىڭ گېلىغا ئۇرماق بولۇپتۇ.

چىلى ئۆلۈش ئالدىدا ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— بىر ھەپتە بۇرۇن مەن سېنى يەڭگەن ئىدىم. بۇ قېتىم مېنى يېڭىۋالدىڭ. ئەجىبا نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئەجەب كۈچتۈنگۈر بولۇپ كېتىپسىنا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈنكى سەن ئالدىنقى قېتىم مەن بىلەن ھەققانىيەت يولىدا ئېلىشقانلىقىڭ ئۈچۈن مېنى يېڭىۋالغانىدىڭ. بۇ قېتىم سەن شەخسىي مەنپەئەتىڭنى دەپ مەن بىلەن ھېسابلاشماقچى بولدۇڭ. شۇڭا مەن سېنى ئاسانلا يېڭىۋالدىم، — دەپتۇ دىۋە.

چىلى ئۆزىنىڭ ئاچكۆزلۈكى تۈپەيلىدىن ئالدىنقى قېتىم دىۋىنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. ئەمما، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماپتۇ.

(خەنزۇچە «563 كىچىك چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابتىن)

## مىراجىخان

ئۆزۈڭ ئۇندا بارامسەن،
مېنى مۇندا قويامسەن.
ئۆزۈم سالغان باغچامدا
ئوينىغىلى قويامسەن،
ۋاي بالام مىراجىخان.

ئارقىدا قىمار ئويناپ،
سەيپۇڭ قارنىنى مەن ئۇتۇپ،
زەيتۇنخانىنىڭ دەردىدە،
پارە-پارە قان يۇتۇپ.
ۋاي بالام مىراجىخان.

سېرىق قۇشقاچ بولۇپ سايراپ،
چىمەننىڭ يولىغا قاراپ.
قارا كۆزۈم بېسىر بولدى،
سېنىڭ يولۇڭغا مەن قاراپ.
ۋاي بالام مىراجىخان.

ھەج سۇلتاندا مىڭ ئەلەم،
خۇدانىڭ ئىلكىدە قەلەم.
يىغلىماڭلار خالايىقلار،
ماڭا كەلگەن دەرت-ئەلەم.
ۋاي بالام مىراجىخان.

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۆزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.
ۋاي بالام مىراجىخان.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **نىساخان**

توپلىغۇچى: **ھەسەن ھۇسەن**

«كۇچا خەلق قوشاقلىرى» دىن ئېلىندى

# دەردىم بار، داۋايىم يوق

ئېچىلغان بىكار،
ساچىلغان بىكار.
ساراڭ خوتۇنغا
چېچىلغان بىكار.

ئەتىۋار خېنىم،
دەردى بار خېنىم.
سىزدىن ئوبدىنى
نەدە بار خېنىم.

هاي خېنىم هاي-هاي خېنىم،
بويىڭىز پاكار خېنىم.
چىرايىڭىز بولمىسا،
ياڭزىڭىز بىكار خېنىم.

ئالما سالغان باغىڭغا
ئەترە سالدىم بىلدىڭمۇ؟
ئۇزۇن بولدى كۆيگىلى،
گەپ قىلمايسەن ئۆلدىڭمۇ؟

لەڭگەر ① سېيىدىن كەلگەچ،
ئارىشتا ② قونۇپ قالدۇق.
شۇ يارنىڭ پىراقىدا،
دۇتارچى بولۇپ قالدۇق.

يارىم ئورما ئورۇپتۇ،
چېچى بەلدە تولغۇنۇپ.
يار دەردىدە يىغلايمەن،
كېچە-كۈندۈز ئاھ ئورۇپ.

كۆك تاۋاردا بۆك كىيىپلا،
زەپ يارىشىپتۇ خېنىم.
هەممە ئادەم غۇنچە بويكەن،
دەپ قارىشىپتۇ خېنىم.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
غاز ئۆردەكلەر ئوينايدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
بىر سۆيگەنگە تويمايدۇ.

ئىشكىمنىڭ ئالدىغا،
تال تىكتىم باراڭ بولدى.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
ساق كاللام ساراڭ بولدى.

سەن شۇقالىق ③، مەن تۆۋەنلىك،
ئاشنا بولمايلىمۇ؟
مۇڭدىشالماي يۈرگىچە،
جۈپتەككىنە بولمايلىمۇ؟

---

① ② كېرىيىدىكى جايناملىرى.

③ شۇقالىق-يۇقىرىقى جايدىن دېمەكچى.

ئەل پىراقى ئەل پىراق،
دىلدا ياندى ئىشتىياق.
ئىشتىياقنىڭ دەردىدە،
بىر كۈن ئاغرىق، بىر كۈن ساق.

قىرغا پىياز تېرىدىم،
ئېتىزغا يالاڭ① سامساق.
مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
بىر كۈن ئاغرىق، بىر كۈن ساق.

كۈمۈش ئوقيا ئالدىم مەن،
چۆلدە جەرەن ئاتقىلى.
نۇمۇس قىلما قارا كۆز،
مېنى يارىڭ ئەتكىلى.

ئۇۋىلاپتۇ قارلىغاچ،
بەش ئايۋاندا-پەرماندا.
بىز شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ،
كۆيەڭ ئوتى ئارماندا.

بۇ يۈرەكنى سەگىتەي دەپ،
سۇنى ئىچتىم ئون چىلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگىمىدى،
جانغا پاتقان بۇ كۆيەك.

مەن بارايمىكىن تۈزگە،
يۈرىكىمنى يېقىپ مۇزغا.
يانچۇقۇمدا بىر تىيىن يوق،
ئىچىم كۆيىدۇ ئۈزگە.

ئوتقا سالساڭ كۆل بولۇرمەن،
سۇغا سالساڭ پارچە مۇز.
مېنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
قاشى بىلەن كۆزى ئۈز.

قولۇمنى كېسىۋەتتى،
گۆش توغرايدىغان پىچاق.
يۈرەكنى ئېزىۋەتتى،
دۆڭ مەلىدىكى قىزچاق.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
سايىغىنىڭ شامالمۇ؟
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
سەن يارىڭ خىيالمۇ؟

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك،
كىيسەڭ ساڭا يارىشار.
مەن يارىمنى بەرمەيمەن،
دۈشمەن گۆيلار تالىشار.

گۈل ئۈزۈپ بېرىڭ ماڭا،
بىر پۇراي، ئىككى پۇراي.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
بىر جايدا قانداق تۇراي.

چەپ قولۇمدىكى سائەت،
پېشانەمدىكى ئامەت.
كېتەر بولدۇم مەن يارىم،
خەير، خۇداغا ئامانەت.

كۆزۈڭ ئوخشار بۇلاققا،
قاشىڭ ئوخشار قىياققا.

---

① پۇتۇنلەي، ھەممىسى

مېنى تاشلاپ سەن كەتتىڭ،
بارسا كەلمەس يىراققا.

تاغقا چىقتۇق گەنجىگە،
ئىچىم تولدى رەنجىگە.
قاچان يېتىپ بارارمىز،
يارىم تۇرغان كەنتىگە.

خان كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇم،
ئالما شاخىنى تۇتۇپ.
سەن ئۇياندا مەن بۇياندا،
ئاھ ئۇرۇپ قانلار يۇتۇپ.

توخۇلار چىللىشىدۇ،
تاڭ ئاتاي دېگەنمىكىن.
مەپىلەر جىرىڭلايدۇ،
يارىم بۇيان كەلگەنمىكىن.

ئوچاقىڭغا ئوت قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سېنى مەن تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.

باغىڭدىكى شاپتۇلنىڭ
شاخلىرى ئەجەب پەسكەن.
چىقمايسەن تالا-تۈزگە،
سېنى كۆرمەك بەك تەسكەن.

ئوچاققا ئوتۇن سالدىم،
چوغلىرىنى ئۇششاقلاپ.
ئۇخلاپ يېتىپ چۈش كۆردۈم،
سەن يارىمنى قۇچاقلاپ.

ھاۋادا يۇلتۇز تولا،
سانىسام ئوتتۇزغىنا.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
جۈپ بولماي يالغۇزغىنا.

ھويلامدىكى ئۈجمىگە،
يېمىسەڭمۇ قاراپ قوي.
ساڭا كۆيگەن يارىڭغا
سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي.

پولو ① سايىنىڭ تاشلىرى،
مېنىڭ يارىمنىڭ قاشلىرى.
ئۇلۇغ سايدا ئاققان سۇ،
سەن يارىمنىڭ ياشلىرى.

قۇرغۇي قوندى قولۇمغا،
لاچىن قوندى بېشىمغا.
سەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
كۆلاڭ تولدى يېشىمغا.

يارىم بەرگەن ئاق كۆڭلەك،
لىغىلدايدۇ يۇغاندەك.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يارىم قاراپ تۇرغاندەك.

يايلىدۇقا-يايلىدۇق،
ئويتوغراقتا ① يايلىدۇق.
يامان دۆڭگە چىقىۋېلىپ،
يار قېنى دەپ يىغلىدۇق.

ئانام بەرگەندە دەشنام،
دادام بەرگەندە دەشنام.
يادىمغا يېتىپ قالۇر،
قاتتىياقتىكى ئاشنام.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى،
جىگدىلىك ھەم بېدىلىك.

---

① پولۇ-كېرىيەدىكى تاغ.
② ئويتوغراق-كېرىيەدىكى بىر يېزا.

قالۇقتىكى① يارىمغا،
مەن ئەۋەتەي② بەندىلىك.

تۇزلۇق سۇنى كۆپ ئىچىپ،
ئىغىز، بېشىم شور بولدى.
تولا قاراپ يولۇڭغا،
قارا كۆزۈم كور بولدى.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
شاخقا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
خۇدا يىمغا يىغلايمەن،
يارنى ئەسلەپ ئاھ ئۇرۇپ.

تىزدىم ئۈنچە مارجاننى،
بوينۇمغا ئاسارمەن دەپ.
يارغا بەردىم كۆڭلۈمنى،
مېھرىگە قانارمەن دەپ.

ئۇيناغراق بازارىغا
ئۇن تاغاردا قاق كىردى.
مۇرادىمغا يېتەلمەي،
چاچ-ساقالغا ئاق كىردى.

پالتا سالدىم تېرەككە،
ئۇنى كەتتى③ سىيەككە.
ئالتاي بولدى كۆيەككە،
دەرز كەتمەمدۇ يۈرەككە.

يارنىڭ كۆڭلى بەك خاپا،
مۇڭدا شمسام ئېچىلماس.
يار ئىككىمىز بىر بولساق،
يۈرىكىمىز ئېتىلماس.

شۇۋول④ يولى قومۇشلۇق،
تېخى ئۇرغاق تەگكەن يوق.

ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مۇرادىمغا يەتكەن يوق.

يار تىككەن چىمەن دوپپا،
مېنىڭ غېرىب بېشىمدا.
ئاق يىلاندەك تولغۇنۇپ،
يار ياتىدۇ قېشىمدا.

ئۆستەڭ بويى شاپتۇلا،
مېنىڭ يارىم كىچىك بالا.
كىچىك بولسا چوڭ بولا،
ھەر قاچان مېنىڭ بولا.

ئاتۇشىمغا بارغاندا،
ساڭا ماتتا ئېپ بېرەي.
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى
يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي.

بىزنىڭ مەھەللە تېرەكلىك،
ئۆي-ئايۋانغا كېرەكلىك.
قوشنامنىڭ قىزى لايىق،
ئۇينىۋالاي يۈرەكلىك.

نەشپۈت بەرگەن كىشىنى،
ئالما بەرگەن دەرمەنمۇ؟
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ
ئوتىدا كۆيەرمەنمۇ؟

ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
گۇۋاھچىسى كۆزىڭىز.
ئۆلۈپ كەتسەك ئارمان يوق،
ئايرىلماستىن ئىككىمىز.

ئۆستەڭ بويى تاشلىقكەن،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.

---

① قالۇق — كېرىيىدىكى بىر كەنت.
② بەندىلىك — سالام مەنىسىدە.
③ سىيەك — كېرىيىدىكى يېزا.
④ شۇۋول — كېرىيىدىكى يېزا.

سۆيەي دېسەم ياشلىقكەن،
خاپىلىقتا باش قاتتى.

مەھەللىدىگە جۇنە يەمەن،
ئىشىك ئالدىدا تۇنە يەمەن.
دۈشمەن گۈينىڭ ئالدىدا،
تاللاپ سېنى سۆيە يەمەن.

بىرى نوچى، بىرى چاققان،
يەر جاھان ساڭا باققان.
سەندىن ئۆزگىسى يوقتۇر،
كۆڭلۈمگە ئەجەب ياققان.

ئىشىك ئالدىدا ئاق ئۈجمە،
ئاق ئۈجمەڭنىڭ سايىسى بوش.
بىز ئىككىلەن گەپلەشسەك،
سەن يارىمنىڭ ۋەدىسى بوش.

ئايغا ئوخشاش يۈزلىرىڭىز،
دىلغا چىراغ كۆزلىرىڭىز.
دەردىمگە داۋا بولدى،
شېرىن-شېرىن سۆزلىرىڭىز.

يولدىن ئۆتكەن ماشىنا،
ئىشىك ئالدىدا توختايدۇ.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
كۈندە نەچچە يوقلايدۇ.

ئىشكنى ئېتەي مىخلاپ،
كىگىزنى ئېتەي چىقلاپ.
سەن يۈرسەن خىل-خىللاپ،
مەن يۈرىمەن زار يىغلاپ.

ئۆلچەپ سېنىڭ بويۇڭغا،
تون تىكەرمەن تويۇڭغا.
ئەجەبمۇ خۇمار بولدۇم،
سېنىڭ نازلىق خۇيۇڭغا.

بىزنىڭ دەريا چوڭ دەريا،
تارمىقى تارام-تارام.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ،
مېنىڭ سۆيگۈنۈم ھارام.

يارىمنىڭ قولىدا كەكە،
ياش نوتىنى چانامدۇ.
يۈرەككە ئوتنى سەپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمەي قاچامدۇ.

مايسىنى يۇلۇپ قويۇپ،
كۆچۈرەلمىگەن يارىم.
يۈرەككە ئوتنى سەپ قويۇپ،
ئۆچۈرەلمىگەن يارىم.

كۆل بويىدا كۆكلىگەن،
چىممىدۇ، يالپۇزمىدۇ؟
ئاخشىمى باراي دېسەم،
يار ئۆزى يالغۇزمىدۇ؟

دۇتارىنى ئۆزۈم ئېتەكەن،
سۇنۇپ كەتسە يەملەيمەن.
تاللاپ سۆيگەن يارىمنى
ھېچ كىشىگە بەرمەيمەن.

ئاخشاملىقتا ئاي تۇغدى،
سەھەرلىكتە چولپان قىز.
ئاچ قوينۇڭنى قارا كۆز،
سېنى دەپ تۇغۇلغان بىز.

بۇلبۇل دېمەڭ ھەممىنى،
بۇلبۇل دېگەن خۇش ئاۋاز.
لەيلىگۈلگە ئاشىقمەن،
قىش بولسىمۇ كۆڭلۈم ياز.

خەنجىرىم بار بەك ئىتتىك،
كەسمەس گۈلنىڭ شېخىنى.

مېنىڭ يارىم ئەقىللىق،
سۆيمەس مەندىن باشقىنى.

باغىڭدىن ئۈزۈۋالدىم،
ئەترە بىلەن لەيلىنى.
يارنىڭ ئىشقى تارتىدۇ،
ھەر كىشىنىڭ مەيلىنى.

قىزىل گۈل ئاراسىدا،
ئېچىلىپتۇ ئادراسمان.
ماڭا يىراق بىلىنمەس،
يار مەھەللىسى ھالداشمان ①.

قارچىغىنىڭ باللىرى،
ئالتە ئايدا سايرىشار.
يار تۇتقانلا كېچىكلا،
كەپلىشەلمەي قارىشار.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
ئېگىز شاخنى ئەگسەم دەپ.
يىراق يەردىن يار كەلدى،
جانغا جاننى بەرسەم دەپ.

غېرىبسىنىپ ئولتۇردىم،
يول بويىدا تاشتا مەن.
نېمە دەپ كۆڭۈل بەردىم،
سەن خېنىمغا باشتا مەن.

ئايمىدۇر، ئايلامىدۇر،
ئايغا بۇلۇت دالدامىدۇر.
مەن يارغا كۆڭۈل بەرسەم،
يار مېنى ئالدامىدۇر.

گۈل ئەترەڭنى ساقلاشتا،
ئوچاق باشىدا مورا بار.
سېنىڭ مەيدەڭ ئاغرىسا،
مېنىڭ مەيدەمدە دورا بار.

ئاسمىنىڭدا تۇۋرۇك يوق،
دەريايىڭغا كۆۋرۈك يوق.
ۋاپادارىم سەن بولساڭ،
مېنىڭ كۆڭلۈم دائىم توق.

ئاق بوز ئاتنى تاقىلا،
كۆك بوز ئاتنى تاقىلا.
ياخشى يار تۇتاي دېسەڭ،
بوستان تېرەك ياقىلا.

توغراقتىن ① يېنىپ كەلدى،
بىر دانە تورۇق ئاتلىق.
مېنى تاشلاپ كەتمەيدۇ،
ئول يارىم سۆزى تاتلىق.

تۆك-تۆك، شاپتۇلۇم تۆك-تۆك،
تەپسەم تۈۋىگە چۈشتى.
بىزنىڭ يار كېچىك تۇرۇپ،
ئىشقىنىڭ كويىغا چۈشتى.

دۇتارنى چېلىشۇرسەم،
تۈگمەس مېنىڭ پەدەم.
يىل-ئاي ئۆتسىمۇ يارىم،
بۇزۇلماس مېنىڭ ۋەدەم.

جانان چىنىگىز رەڭلىك،
ئىچىدە ئوپا-ئەڭلىك.

---

① ھالداشمان-كېرىيەدىكى بىر يېزا.
② توغراق-بىر يېزا.

يارىم دەي دېسەم سىزنى،
يارىم ئالدىدا تەگلىك.

قاپاق تېرەك ئاستىدا،
سۆيۈۋالاي دالدىدا.
دوزاخ ئوتى ئوت ئەمەس،
سىنىڭ ئوتۇڭ ئالدىدا.

قىزىل گۈل ئېچىلىپتۇ،
ئۆزۈۋالمساڭ بولماس.
قىزلار چوڭ بولۇپ قاپتۇ،
سۆيۈۋالمساق بولماس.

يارىم چالىدۇ راۋاب،
تارىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دىسەم،
قارىمايدۇ ناز قىلىپ.

ئەتىيازدا قار ياغدى،
ئېرىقلاردا مۇز تۇتماي.
يارىم بىلەن ئايرىلدۇق،
قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتماي.

قوي باقتۇق مازار ① تاغدا،
سۇ ئىچتى يانار چاغدا.
يارىم كەتمەك بولۇپتۇ،
قالدۇرۇپ مېنى داغدا.

ئاتنى ساتمسام بولماس،
دەردنى تارتمسام بولماس.
پۇلۇم يوق دېگەن بىلەن،
يارنى تاپمسام بولماس.

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيىتقان يارىم.

باغرىغا تاشنى قويۇپ،
بىزنى ئونۇتقان يارىم.

ئۆستەڭ سۈيى تارتىلدى،
يار كەتكەنىمدۇ باشتىن؟
خوشمىغىنا ئايرىلدۇق،
ئۆز يارىم قەلەم قاشتىن.

كەڭ تۈزدىكى قوغۇننى،
ئۈزۈم باقمەن يارىم.
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتمەن يارىم.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ كېلىپ ئاقسۇن.
يارمۇ بىزنى يار دېسە،
بىز ياققا كېلىپ باقسۇن.

سايىنىڭ يوللىرى تاشلىق،
جىرىم سالارنىڭ ئورنى يوق.
سەن كەلمسەڭ جان يارىم،
مەن بارارنىڭ ئورنى يوق.

ئىشىك ئالدى سالاسۇن،
يارىم كېلىپ قارىسۇن.
قارىغانغا چىقمايمەن،
سېرىق گۈلدەك سارغايسۇن.

ئات مىنىپسىز يۈگەنسىز،
مېنىپ بېقىپ بىلگەنسىز.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
ئەمدى يالغۇز يۈرگەنسىز.

چېچىڭىنى ئۇزۇن دەمسەن،
ئۇزۇن قىلغان پۆپۈكى.

---

① مازار-جاي نامى.

مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قورساقنىڭ بار كۆپۈكى.

ياغلىقىمنى يۇدۇرۇپ،
قومۇش چىتقا يايدۇرۇپ.
مەندە قەستىڭ بارمىدى،
شۇنچە يولنى ماڭدۇرۇپ.

بۇلۇت ئايغا دال بولدى،
چىقمىدى ئاي پارىسى.
مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتسام،
قېنى يارنىڭ قارىسى.

بەش توغراقنىڭ چۆلىدە،
چۈجە يېگەن سانى كۆرۈڭ.
چاغلىماي كۆڭۈل بېرىپ،
بالاغا قالغان يارنى كۆرۈڭ.

ئېرىق-ئېرىق ئاتلايسەن،
يۇقىرى-تۆۋەن قاترايسەن.
ئىشىڭ ئوڭغا تارتمىسا،
ماڭا نېمە باتنايسەن.

ياخشى بىلەن دوست بولۇپ،
يامان يارنى تاشلاڭ سىز.
بىز ئوينايلى دەپ قويسام،
ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ سىز.

ئوچاق بېشى ئوياغلىق،
ياندا چۆگۈن قوياغلۇق.
ھەددىڭلاردىن ئاشتىڭلار،
بىزمۇ سىزدىن توياغلىق.

ھەرە قونماس مەغەزگە،
قاغا قونماس پەغەزگە.

قىز باللا بەك ئامراقكەن،
كويچەن دېگەن قەغەزگە.

ئۇ ئېتىزمۇ مىسلىك،
بۇ ئېتىزمۇ مىسلىك.
سىزدەك سەتەڭ قىزلارغا
كېلىشمەيدۇ ئېسىللىك.

قۇناق تىكتىم بىر دانە،
ئۈنۈپ بولدى مىڭ دانە.
ھارامزادە سەتەڭلەر،
بولۇپ قاپتۇ دىۋانە.

باغچىغا ئانار سالدىم،
تۆۋىنى قىرىم قىلىپ.
يەنە نېمە سۆزلەيسەن،
يۈزۈڭنى قېلىن قىلىپ.

ئېگىز ئۆسكەن ئۈرۈكنىڭ،
شېخىنى قانداق ئەگدىلە.
بىزنى ياراتماي بېرىپ،
ئاق ساقالغا تەگدىلە.

بەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز،
سەدەپ مارجانغا ئوخشايسىز.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
بەك نادانغا ئوخشايسىز.

يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا خال بار.
مېنى تولا قاقشاتقان،
دۆڭ مەلىدىكى كالۋا.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى يايلاق،
ئوتلايدۇ تۆگە-تايلاق.

ئەقىدەمنى بىلمىگەن،
بۇۋاپا دۇنيا مايماق.

ئۇ دەرەخمۇ لىڭشىيدۇ،
بۇ دەرەخمۇ لىڭشىيدۇ.
بۇ كەمدىكى قىزباللار،
ئەر چىقمىسا غىڭشىيدۇ.

ياخشى دوپپا كىيدىم دەپ،
كىيگەنلىرىڭ ئۆرۈمە.
ياخشى يىگىت سۆيدۇم دەپ،
سۆيگەنلىرىڭ سۆرەلمە.

يارىنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالاپتۇ ساماندا.
باشتا مېنى يامان دەپ،
ئەمدى قاپتۇ ئارماندا.

قارا قالپاقنى كىيىپ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى.
بۇۋاپا يار دەردىدە،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

كاككۇك گۈلنى قىسماق،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
بۇۋاپانى يار تۇتساڭ،
ئېگىۋالىدۇ ئەرگە.

بىر بېرىپ، ئىككى بېرىپ،
ئۇپرىدى ئۆتۈك پاشنىسى.
بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس،
ئۇچرىدى يارىنىڭ ئاشنىسى.

يۈرىكى غەلۋىرگە ئوخشاش،
قويسىلا تۇرماس تېرىق.
يەتتە دەريا سۈيىدە
يۇسىلا بولماس ئېرىق.

كۆڭلىكىمنى يۇدۇردۇم،
ئاقسىنىگە يايدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئۈچ كۈن بولدى ياندۇردۇم.

ئېتىمنىڭ تاقىسى يوق،
سايغا چۈشسە ئاقسايدۇ.
تاشلىۋەتكەن دۇنيا يار،
بىزنى قاغاپ قاقشايدۇ.

ئاچچان يولى ئۇزۇن ساي،
ماڭسام پۇتۇم ئاغرىدى.
تاشلىۋەتكەن يارىمغا،
ئەمدى ئىچىم ئاغرىدى.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ سىز،
سىيرىلىپ چۈشەلمەيسىز.
بىزنى تاشلىغان بىلەن،
ئۈمىدنى ئۈزەلمەيسىز.

ئا ئېتىزمۇ① گۈرۈنچى،
ما ئېتىزمۇ گۈرۈنجى.
چوڭ گەپ قىلغان خېنىملار،
پاچىقىمىزغا ئۈرۈنجى.

**ئېيتىپ بەرگۈچى: مەھلەشخان، مەتوختى ئىسمايىل، باقى تۇردى، ئەخەت**
**توپلاپ رەتلىگۈچى: ياسىن زىلال**

---

① گۈرۈنچى-گۈرۈچ.

# ئىسلام بېگىم ①

ئەجەب ياخشى ئەر ئىدى
ئىسلام بېگىم تاماشا.②
خالايىققا داڭ③ ئىدى
ئىسلام بېگىم-چامباشا.

ئىسلام سۈيى تۆۋەن ئاقۇر،
تاشلارنى تاشلارغا چاقۇر.
ئىسلام بەگنى كەلدى دېسە،
داپلارنى داپلارغا چاقۇر.

ئاخشام كەلگەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆتەيلەن ئارىسىدا،
ئىسلام بېگىم سۇمباتلىق.

مىسىر تېغى دېگەن جاي
خويمۇ كاتتا جاي ئىدى.
چامباشچىلىق ھۈنىرىگە
ئىسلام بېگىم باي ئىدى.

مىسىر تېغى كەينىدە
تارام-تارام سۇ ئاقۇر.
ئىسلام بېگىم غەيرەتلىك
قىلىچ بىلەن باش چاپۇر.

ئىسلام بېگىم قوپسىلا،
قىلىچلىرىنى ئالسىلا.
دۈشمەن بېسىپ كەلگەندە،
غەزەپ بىلەن چاپسىلا.

ئىسلام بېگىم جەڭگە بارۇر
ئاتلىرىنى ئۇيىنىتىپ.
غازى، بولۇپ كېلۇر ئۇ
بىر كۈنى نۇسرەت تېپىپ.

ئىسلام بېگىم جەڭ قىلدى،
ھەممىسىنى تەڭ قىلدى.
مەن-مەن دېگەن چېرىكنى
لەختە-لەختە قان قىلدى.

ئىسلام بېگىم جەڭ قىلدى،
باتۇرلارنى تەل قىلدى.
قارا باشنى بىر-بىر ئەپ،
دۈشمەنلەرنى ئەل قىلدى.

ئەل قىلدىمۇ ئەل قىلدى،
دوستلىرىنى ئەل قىلدى.
چېرىكلەرمۇ تېچ ياتماي،
ئىسلام بەگكە قەست قىلدى.

ئىسلام بېگىم تۇتۇلدى،
قايناق جەڭدە ئۇتۇلدى.
تۇتۇۋالغان كىم ئىدى،
ئاقىۋەتتە ئۇقۇلدى.

زورىغا ئېلىپ ئىسلام بەگ
باتۇرلارچە ئېتىلدى.
دۈشمەن بىسى زور كېلىپ،
ئاخىر ئۇنى قان قىلدى.

ئىسلام بېگىم پوتىسى
خويمۇ كاتتا پوتادۇر.
قارا تاغنىڭ كەينىدە
قانغا بويىلىپ ياتادۇر.

ئىسلام بېگىم يېتىپتۇ،
يېنى يەرگە پېتىپتۇ.
ئاغزىنى ئاچ ئۇسسۇلۇق بېرەي،
تاماقلىرى قېتىپتىمۇ؟

**ئېيتىپ بەرگۈچى: مەخلىك ئۇستام، ئەسئەت مۇختار**

**توپلىغۇچى: ئايشەم ئەخمەت**

① ئىسلام بېگىم — قۇمۇلدا ئۆتكەن خەلق قەھرىمانى.
② تاماشا — ئاجايىپ دېگەن مەنىدە.
③ داڭ — داڭقى.

# قۇمۇل تاغلىقلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى

**ئېلى ئىسمايىل**

قۇمۇل تاغ خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى
بىر قىسىم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ،
قۇمۇل شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپى
يېزىلىرىدىكى خەلقلەردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ،
نۇقتىدىن ئۇلارنى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر
قەدەر قەدىمكى ئۆرپ- ئادەت شەكىللىرىنى
ساقلاپ كەلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.
بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك
جايلىشىشى ۋە ياشاش شارائىتىنىڭ ئوخشى-
ماسلىقى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرى تەرەق-
قىياتىنىڭ نىسبەتەن ئارقىدا قالغانلىقى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل ئۆزگىچىلىكنى ئۆرپ- ئا-
دەت ۋە ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ
مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولغان توي- تۆ-
كۈن ئادەتلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

قۇمۇل تاغلىقلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى
ھەرقايسى تاغلار (ئۈن ئىككى تاغ) نىڭ
ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ (بىر قىسىم
تاغلىقلار ئۆز شارائىتلىرىغا يارىشا بەزىبىر
رەسمىيەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن، ئەمما ئۇ،
ئومۇمىي ئەھۋال ئەمەس). توينىڭ ئالدى
كەينىدىكى بىر قىسىم رەسمىيەت، قائىد-
دە- يوسۇنلار سۇسلىشىپ ياكى ئۇنتۇلۇپ
كەتكەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا ھەرقايسى
تاغلىق يېزا كەنتلەردىكى ئاتاقلىق پېشقەدەم
ئەلنەغمىچىلەر ۋە ئابرۇيلۇق بوۋاي- مومايلار-
نى ئاساسىي نۇقتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ
ئەسلەپ تەسۋىرلەپ بېرىشى ئاساسىدا
قۇمۇل تاغ خەلقلىرىنىڭ ئۆتمۈش دەۋرلەردى-
كى توي ئادەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە
تۇرغۇزۇپ چىقتۇق.

قۇمۇل تاغ رايونلىرىدا تويدىن ئىلگىرىكى
رەسمىيەت (لايىق تاللاش، ئەلچى ئەۋە-
تىش) ئىشلىرى باشقا جايلارنىڭكىگە ئاسا-
سەن ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى ئوغۇل
ئۆيلىمەكچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن
ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن
بىللە كېڭىشىپ ئوغۇلنىڭمۇ رازىلىقىنى ئېلىپ
مۇۋاپىق بىر كۈننى (ئاينىڭ بېشىنى،
بولۇپمۇ، نەس بولمىغان، جۈپ كەلگەن
خاسىيەتلىك كۈننى) تاللاپ يۇرت چوڭلىرى،
تۇغقانلىرى ياكى يۈز- ئابرۇيلۇق بوۋاي- مومايلار-
دىن بولۇپ بىر نەچچە كىشىنى ئۆزلىرىگە
لايىق كۆرگەن قىز تەرەپكە ئەلچىلىككە
ماڭدۇرىدۇ. قىز تەرەپمۇ ئۇلارنى مېھمان
قاتارىدا ئەزىزلەپ كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۆز
لايىقىدا داستىخان كەلتۈرىدۇ، شۇ ئارىلىقتا
يىگىت تەرەپ كىشىلىرىدىن سۆزگە، مۇئا-
مىلىگە چېچەن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ،
قول قوشتۇرغان ھالەتتە «پالانى ئاخۇن
ئارسلاندەك بىر ئوغۇل چوڭ قىپتۇ، ئوغۇل
چوڭ قىلىپ قىرانىغا يەتكەندە جورا تاللاپ
ئۆيلۈك قىلماق ئاتا- ئانىنىڭ ھاياتىدىكى
گەردەن قەرزى، پالانى ئاخۇننىڭمۇ ئەل- يۇرت-

ئىچىدە ئېتى-يولى بار تېگى-تەكتى ياخشى كىشىلەر... ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى پالانى قارىنى ئۆزلىرىنى ئوغۇل قىلىۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ خېنىم بالامنى قىزىم قىلىۋالسام دېگەن ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ ھەر قايسىلىرىنىڭ ئالدىغا بىزنى ئەۋەتتى. لايىقلىرىدا بولمىساقمۇ، تىلىكىمىزنى يەردە قويماي ئىككى ياشنىڭ بەختىگە رىزالىق دۇئاسى بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز...»، دېگەندەك شېرىن تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن كېلىش مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىدۇ. قىز تەرەپ ئەلچى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنىڭ لايىق بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئەلچىلەرگە قىزغىن ۋە سەممىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ ھەمدە قىزنىڭ ئاتا ياكى ئانىسى: «ھەر قايسىلىرىنىڭ بىزنى تەڭ-خىل كۆرۈپ كەلگەن قەدەملىرىگە رەھمەت، لايىق دېگەنمۇ شۇ، خۇدايىم نېسىپ قىلسا قېچىپ قۇتۇلالماس، ئەمما، توي ئىشى ئۆمۈر سودىسى، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسە، بىزمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قىزىمىزدىنمۇ پىكىر ئېلىپ ئايرىم كۈنى جاۋابىنى بەرسەك...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چىرايلىقچە ئۇزىتىپ قويىدۇ.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى يەنە بۇرۇنقى تەرتىپى بويىچە قىز تەرەپكە جاۋاب ئالغىلى كېلىدۇ، يەنە سالام-سائەت، سىنچايدىن كېيىن يىگىت تەرەپ ئەلچىلەر كېلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرىدۇ. قىز تەرەپ، يىگىت تەرەپنىڭ تىلىكىنى ماقۇل كۆرگەن بولسا ماقۇل كۆرگەنچە، ماقۇل كۆرمىگەن بولسا ئۆز يولىدا ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ. ئەگەر ماقۇل كۆرگەن بولسا، ماقۇللۇق جاۋابىنى بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئەلچىلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قىز چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتىدۇ. ساھىبخان مېھمانلارنى ئولتۇرۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. مال سويۇپ، ئاش تارتىدۇ. ئادەتتە ئەلچىلەر سوۋغا ئېلىپ بارمايدۇ.

ئىككى تەرەپ كېلىشكەندىن كېيىن توي ئۆتكۈزىدىغان كۈن، تويغا كېتىدىغان خىراجەت ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشىدۇ. بۇ توينىڭ قارارى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ كۈنى يىگىت تەرەپ ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، يۇرت چوڭلىرىدىن بولۇپ بىر بۆلۈك جامائەتنى تەكلىپ قىلىپ قىز تەرەپكە بارىدۇ ۋە ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، بىر ماختامال (قوي-ئۆچكە، ئات-كالا)، گۈرۈچ، سۇماي، ئىككى-ئۈچ تونۇر توقاچ، بەش-ئالتە شىك گازىر-پۇرچاق، گۈلقاق، قۇرۇق ئۈزۈم، ئالما، شاپتۇل قېقى، چىلان، قەنت-گېزەك دېگەندەك ھەر خىل يەل-يېمىشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. توينىڭ قارارىغا قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇملىرى قاتنىشىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى چوڭ-كىچىكلىك رېتى بويىچە تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ، قائىدە بويىچە ئاياللار قازان بېشىدىن باشلاپ ئۆينىڭ سول تەرىپىدە، ئەرلەر ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ. ئاش-تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قوشۇلۇپ مەشرەپ ئويۇشتۇرىدۇ. پوتا ئويناپ، بېيىت ئېيتىپ، قىقاس تۆۋلايدۇ. دەل شۇ كۈنى يەنە قىز-يىگىت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئاتا-ئانىلىرى باش قوشۇپ توي خىراجىتى، قىز ئۈچۈن بېرىلىدىغان تويلۇق قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە كېڭىشىدۇ. بۇنىڭدا ھال-ئوقىتى بارلىرى ئاساسەن توققۇز تۇياق مال (بۇنىڭ ئىچىدە بىر تېكە، بىر

قوشقار)، توققۇز كۆرە ئاشلىق، توققۇز كۆرە ھەر خىل مېۋە-چېۋە، قىز ئۈچۈن ھەر خىل كىيىم كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى (تەيتۇللا، شاھى بۇخارا، چاشما تون، چاشمايىكويەن تون، چاشما كۆڭلەك، چاشما پەشمەت، چاشما كېپىش، ئۈنچە، رومال، چاش چېچىكى، قۇلاق چېچىكى، ئالتۇن يىگىنە، موخازا-بىلەيزۈك) قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلايدۇ.

يەنە ياخشى كۈن، ياخشى سائەتلەرنىڭ بىرىدە يىگىت تەرەپنىڭ ئەلچى ۋە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ بىر بۆلۈك كىشى تويلۇق ئېلىپ بارىدۇ. تويلۇق ئۆتكۈزگۈچىلەر ئاجايىپ داغدۇغا بىلەن ماڭىدۇ. يەنە ئىككى داپچى، ئىككى غېجەكچى ۋە بىرمۇنچە ھېيپىز (نەغمىچى)لار سەپنىڭ ئالدىدا نەغمە قىلىپ ماڭىدۇ. قوشقار بىلەن تېكىنىڭ مۈڭگۈزلىرى قىزىل رەخت بىلەن گۈل تۈگۈچ قىلىپ چىگىلىپ ئالدىدا ھەيدەپ مېڭىلىدۇ. قىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا يەتكەندە قىز تەرەپتىن بىر بۆلۈك كىشى ئەلچىلەرنىڭ قولىدىن ئاتلىرىنى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ، نەغمىچىلەرنىڭ تەڭكەشتە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاخىرىدا ئۆيگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەلچىلەر تويلۇق ئامانەتلىرىنى قىز تەرەپكە تاپشۇرۇپ رازىلىق سورايدۇ. قىز تەرەپ تويلۇقتىن رازى بولغان بولسا رازى بولغانچە، بولمىسا كەم يېرى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ ھەمدە شۇ كۈنى موللا-مۇنەججىملەرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ توي كۈنى قىلىپ بېكىتىدۇ.

تويغا ئىككى كۈن قالغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ مەخسۇس كىشى تەيىنلەپ، ئاتلىق يۈرۈپ يۇرت-مەھەللە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى تويغا تەكلىپ قىلىدۇ. توي كۈنى يىگىت تەرەپ مېھمانلىرى (ئەرلەر) قىز تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. ئارقىدىن يىگىت بېشى ۋە 30 — 40 ئاغىنىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلىق قىز تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت ئۇزۇن تون كىيىپ، بېلىگە زەر پوتا باغلاپ، قوش قاڭشارلىق ئۆتۈك كىيىپ يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭىدۇ. يىگىتنىڭ ئېتىمۇ ئېسىل جابدۇلغان بولىدۇ. قىز مىنىدىغان ئاتنى يىگىت قولدىشى يېتىلەپ ماڭىدۇ. قىز ئېتى جابدۇلمايدۇ. قىز تەرەپ ئۆزى جابدۇيدۇ. ئەر-ئايال قېرى جامائەتلەر قىز تەرەپكە بېرىپ دۇئا-تەكبىر قىلىشىپ، سىنچاي ئىچىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا، يىگىتلەرمۇ ئات سېلىپ دەبدەبە بىلەن يېتىپ كېلىشىدۇ. يىگىتلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كېلىشى بىلەنلا ئەر-ئايال، قېرى-ياش، ئۇلۇغ-ئۇششاق، جامائەت-مەھەللە ئالدىغا چىقىپ نەغمە-ناۋا، كۈلكە-تاماشا بىلەن يىگىتنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشىدۇ. يىگىتلەر كەلمەك ھامان قىز تەرەپ يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن چولۋۇرنى ئېلىپ ئىززەت-ئىھتىرام بىلەن ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. قىز تەرەپتىن يىگىتلەرگە مەخسۇس بىر چوڭ ئۆي (دالان) تەييارلاپ قويۇلغان بولىدۇ. قىز-يىگىت تەرەپنىڭ ياش يىگىتلىرى شۇ ئۆيگە توپلىنىشىپ ھەر ئىككى تەرەپ ھېيپىزلىرىنىڭ سازلىرىغا شوخ ۋە زوقمەنلىك بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ قىقاس سادالىرى ئىچىدە توي كۆركىنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ.

ھەر ئىككى تەرەپ مېھمانلىرى جەم بولغاندىن كېيىن، شۇ مەھەللىنىڭ مەزىنى ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى ئىچىدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىمام-مەزىنلەرنى بىر ئۆيگە

جەم قىلىدۇ. نىكاھ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. يىگىت بېشى يىگىتنى بىر نەچچە دوستلىرى بىلەن نىكاھ ئوقۇلىدىغان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ماڭدىدىن ① ئورۇن ئالىدۇ. ئىككى قۇدا ماڭدىدا قول قوشتۇرۇپ تىك تۇرىدۇ. داستىخان سېلىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئىككى چەينەككە شەربەت تەييارلايدۇ. تەييارلانغان شەربەت ئىككى چىنىگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزنىڭ قېرىندىشى قىزغا تەئەللۇق شەربەتنى قىزغا ئىچكۈزىدۇ. يىگىت بېشى يىگىتكە ئىچكۈزىدۇ. نىكاھنى يىگىت تەرەپنىڭ ئىمامى ئوقۇيدۇ. نىكاھ ئوقۇغۇچىغا ھەر ئىككى تەرەپ ئىككى دەستە نان، ئىككى قوينىڭ تۆشى ۋە بىر كىيىملىك رەختنى ئالدىغا قويۇپ دۇئاسىنى ئالىدۇ.

يىگىتلەر نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھويلىغا چىققاندا، قىز تەرەپ ۋەكىلى يىگىتكە تەييارلىغان كۆيۈلىك (بىر يۇرۇش باش، ئاياغ كىيىم، ئىككى چاشما ياغلىق)نى ئىككى-ئۈچ پەتنۇسقا تىزىپ «كۆيئوغلىمىزغا ئاز بولسىمۇ كىچىككىنە» دەپ يىگىت بېشىغا سۇنىدۇ. يىگىت بېشى «رەھمەت، ئاللاھىدە كۆپ جۇۋاپتىلا...» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئىككى چاشما ياغلىقتىن بىرىنى ئۆزى ئالىدۇ، بىرسى بىلەن يىگىتنىڭ ئۈست بېشىنى ئېرتىدۇ. يىگىتلەر خۇش چاقچاقلىرى بىلەن يىگىتنى ئارىغا ئېلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيگە كىرىپ مېۋە-چېۋە يەپ كۈلكە-تاماشا قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

ئىككى تەرەپتىن توي مەرىكىسىگە جەم بولغان پۈتۈن جامائەت ھەم يىگىتلەر داستىخان سېلىنىپ، ئاش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ توي باشلاش تەييارلىقىنى كۆرىدۇ. قىز-ئوغۇل تەرەپنىڭ ھېپىزلىرى بىرلىشىپ ھاي-ھاي ئۆلەن ناخشىسىنى ئېيتىپ ھويلىدا توي باشلايدۇ. ئوغۇلنىڭ يىگىت قولداشلىرى، قىزنىڭ يەڭگىلىرى ئىككى تەرەپ تەييارلىغان بوخچىلارنى كۆتۈرۈپ مەيداندا تەييارلانغان ئورۇنغا قويىدۇ. بوۋاي-مومايلار قىزغا تەييارلانغان توي سېلىقىنى (تويلۇق رەختلەر-نى ھەم قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قىزى ئۈچۈن تەييارلىغان كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرۈشىدۇ) ئاچىدۇ. يىگىت تەرەپنىڭ مومىسى ياكى ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ «قۇدىغۇيلىرىمىز تولىمۇ كۆپ جۇۋاپتۇ، رەھمەت، خۇدايىم بەختى بازارىنى، ئىلاھى ئىناپ تەۋپىقىنى بەرگەي، كېيىگىلى نېسىپ قىلغاي. تولىمۇ كۆپ جۇۋاپتىلا، قۇدىلارغا رەھمەت، ھەممە نەرسىسى تەل بوپتۇ» - دەپ كۆپچىلىككە تەزىم قىلىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. قىز تەرەپنىڭ مومىسى ياكى ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ «قۇدىغۇيلارغىمۇ رەھمەت، كۆپ جۇۋاپتۇ. بالىلىرىمىزنىڭ يۈزى يورۇق، دۆلىتى چوڭ بولغاي، لايىقلىرىدا ئەمەس» دەپ كۆپچىلىككە تەزىم قىلىدۇ. توي ئەھلىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئىككى ياغلىققا قەنت-گېزەك، مېۋە-چېۋە قاتارلىق نەرسە-لەرنى چىگىدۇ، ئۇندىن باشقا ئىككى قۇدىنىڭ قىز ھۇجرىسىغا ئاپىرىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى رەتلەپ بىر نەچچە بوخچا تەييارلايدۇ، شۇ ئارىلىقتا ھېپىزلارنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىپ تاماشىبىنلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ، قىقاس تۇۋلايدۇ. ئاندىن، قىز-يىگىت قولداشلىرى بوخچىلارنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ، قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيگە بىر بىرىدىن قىزغىنىپ يۈگرىشىدۇ. قىز يەڭگىلىرى ئىشىكنى تىرەجەپ توسۇۋالىدۇ. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بىر مەيدان ئېلىشقاندىن كېيىن، يا ئۆينىڭ ئىشىكىدىن، ياكى ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن قايسى تەرەپ بوجۇمىنى بالدۇر كىرگۈزىۋالغان بولسا،

شۇ تەرەپ غەلبە قىلغان بولىدۇ. مەغلۇپ بولغان تەرەپ كۆلكە-شاڭخوغا قالىدۇ. بوجۇما ئىچىدىكى قەنت-گېزەك، مېۋە-چېۋە، ياغلىقلارنى شۇ تەرەپ ئىگىدارچىلىق قىلىپ مېھمانلار بىلەن تەڭ-ھالاس كۆرۈشىدۇ. ياغلىقلارنى يەڭگىلەر خاتىرە قىلىپ ساقلايدۇ. بۇ بىر مەيدان قىزىقچىلىقتىن كېيىن، قىز ئۆيىدە بولىدىغان مەشرەپ تۈن يېرىمغىچە داۋاملىشىدۇ. مەشرەپ سورۇنى ياز كۈنى بولسا ھويلىغا ياكى چوڭ دالان ئۆيگە (ئىككى ياكى ئۈچ ئۆيگە) ئالاھىدە چوڭ قىلىپ راسلىنىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا توك بولمىغىنى ئۈچۈن كالىنىڭ ئۈچىيىگە توڭ ماي قۇيۇپ ياسىغان يوغان شاملار، سۇماي ياكى دېۋىرقاي (قارىغاي يىلىمى) بىلەن ياسالغان جىن چىراغلار ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مەشرەپ بولغان ئۇي ياكى ھويلىنىڭ ئەتراپىغا قاتار قىلىپ شىرەلەر تىزىلىدۇ. شىرە ئۈستىگە ھەر خىل مېۋە-چېۋە، قەنت-گېزەك، گۆش ۋە مەيلەر قويۇلىدۇ. مېھمانلاردىن ئەرلەر بىر تەرەپتە، ئاياللار بىر تەرەپتە ئولتۇرى-دۇ. ياش يىگىتلەر ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. تاماشىبىنلار بىر-بىرىگە بېيت كەلتۈرۈشۈپ قىقاس تووۋلايدۇ. سورۇننىڭ تۈزۈمى توي بېشى ۋە يىگىت بېشى تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنىدۇ. بەزىدە مەشرەپ قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا ئەر-ئايال، قېرى-ياشنىڭ ھەممىسى ھېيىزلارغا ئەگىشىپ ناخشا تووۋلاشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن، مەيدان بىكار تۇرمايدۇ. ھەر كىم ئۆز ماھارىتىنى تاماشىبىنلار ئالدىدا كۆرسىتىدۇ.

ئۇسسۇل ئالدى بىلەن پوتا ئويناشتىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا بىر يىگىت ئىختىيار قىلغان بىر قىز ياكى مۇھەببەتدىشىنى پوتىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە بېيت ئېيتىپ بىرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

A ئەي نىگارىم، جانىجانىم،
مەن سېنىڭ يادىڭدىمەن.
ئالتە ئايدىن، ئالتە يىلدىن،
مەن سېنىڭ كويۇڭدىمەن.

ئالتە ئاينى، ئالتە يىلنى،
ئالتە كۈنچە بىلمىدىم.
ئۇن سېنىڭدەك يارى كەلسە،
بىر سېنىڭدەك بىلمىدىم.

بىر سېنىڭدەك يارىنىڭ،
شاخى دىدارىڭ بولاي.
ئويناپ-ئويناپ يېنىپ كەلسەڭ،
مەن سېنىڭ يارىڭ بولاي.
ئەشقاللا.

B تام بېشىدا ئولتۇرادۇ،
شاخشى بويلۇق شاھ يىگىت.
ئالما بەرسەم ئىللمايدۇ،
بويلىرى ئالتۇن يىگىت.

بويلىرى ئالتۇن يىگىتنىڭ،
سۇرىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر چۈشۈپتۇ،
يېڭى ئۈسكەن گۈلچە بار.

گۈلنى ئېلىپ كۈپقا سالدىم،
ئوڭ قولۇمغا ھاراق ئالدىم.
سول قولۇمغا شام چىراغ،
شام چىراغنى تارتا-تارتا،
ھېچ ماجاللار قالمىدى.
روھ چۈشىنىدەك سارغىيىپ،
ئۈچقۇنچە ھاللار قالمىدى.

روھ چىۋىن بولسا كىشى،
قانات تاقاپ ئۇچسا كىشى.
دۇنيانى بىر چۆگۈلۈپ،
ئۆز خىلىنى تاپسا كىشى.
... رەھمەت.

تاغلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بېيىت-قوشاق ئېيتالايدۇ. بېيىت-قوشاق بىلمەيدىغان كىشى بولمايدۇ. بېيىت ئوقۇشتىن تەپ تارتىپ ئۆزىنى قاچۇرغانلىرى جامائەتنىڭ تەلىپى بويىچە باشقا بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىدۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. بۇ ئالاھىدە تۇسكە ئىگە يۇمۇرلۇق ئويۇنلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەشرەپ قىزىپ راسا ئەۋجىگە چىققاندا يىگىت تەرەپتىن يىگىت بېشى بىر نەچچە يىگىت ۋە نەغمىچىلەرنى باشلاپ چىقىپ، قىز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا تەزىمگە بارىدۇ ۋە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاخۇن بوۋىلىرى، ئاغىچا موملىرى ئۇلۇغ-ئۇششاق، ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ. قىزنى ئالغىلى كەلدۇق» دەيدۇ. قىز تەرەپ «يىگىت ئاخۇن بالاملار خاتىرجەم ئوينىسۇن، تېخى گەخ (ۋاقىت) بار. توققۇز-توققۇز كەلسۇن» دەپ ئۇلارنى قايتۇرىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئەمەلىيەتتە ئىككى ئۈچ-قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاخۇن بوۋىسى، ئاغىچا مومىسى، كۆپچىلىك ئىجازەت بېرىدۇ. شۇندىن كېيىنلا ئىككى تەرەپنىڭ يەڭگىلىرى قىزنى كۆچۈرۈش تەييارلىقىنى كۆرىدۇ. قىزنى تاماقلاندۇرىدۇ. قىز، يىگىتنى ھوردايدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تويدا سويۇلغان قوي، سەركىلەرنىڭ ئۆپكە، ھېسپىلىرىنى قويۇپ، يوغان داشقازانلاردا پىشۇرىدۇ. ئۆپكە، ھېسپىلار راسا پىشقان چاغدا ئۇنى يوغان تەڭلە، پەتنۇسلارغا ئېلىپ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئارىلىقىغا قويىدۇ، يىگىت بېشى بىلەن قىزنىڭ يەڭگىسى قىز، يىگىتنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى بىر-بىرىگە يېقىن قىلىپ، ئۈستىگە كەڭ شىرداق ياكى ئەديالنى يېپىپ دۇملەيدۇ. قىز-يىگىت چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ ھالىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئوينىشىپ ئىشنى تاماملايدۇ. قىزنىڭ ئېتىنىمۇ مەلىكىلەرنىڭكىدەك كۈمۈش جابدۇقلاردا ئىگەرلەپ تەييار قىلىدۇ. يىگىت تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن ھەم قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مىختا تەييارلايدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن يىگىت تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى ھەم قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە قوۋم-قېرىنداشلىرى قىز-يىگىتنىڭ ئامانلىقىنى، بەختى-بازارى، ئىناقلىقى ۋە ئىلاھى ئىنساپ تەۋپىقى ئۈچۈن رازىلىق دۇئاسى بېرىدۇ (بۇ چاغدا قىز ئاتا-ئانىسىغا تارتىشىپ يىغلايدۇ). بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قىز تەرەپكە راسلانغان بوخچىلارنى بىرلا قېتىم نىكاھلانغان ۋە جۈپتى بىلەن ئىناق ئۆتۈشكەن قوشماقلار ئوڭ قەدىمىنى سېلىپ ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىپ هارۋىغا سالىدۇ ياكى تۆگىگە ئارتىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ماڭىدۇ، قىز تەرەپتىنمۇ بىر مۇنچە ئەر-ئاياللار يېقىن تۇغقانلىرى بىللە ماڭىدۇ، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى بارمايدۇ. قىزنىڭ كۆچۈرۈلۈشىدىن ۋاقىپ بولغان ياشلار قىزنى ئېلىپ ماڭىدىغان يولنى پەملەپ يول ئوتتۇرىسىغا بىر شىرەنى قويۇپ ئۈستىگە بىر دەستە نان، ئىككى چىنىغا چاينى قويۇپ بىر ياكى ئىككى ۋەكىلنى تۇرغۇزۇپ، قالغانلار ئەتراپتا چوقان سېلىشىپ تۇرىدۇ. قىز كۆچۈرگۈچىلەر ۋەكىلى ئاتتىن چۈشۈپ سالاملىشىدۇ. چىنىدىكى چاينى ئىچىپ يول توسقۇچىلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ساز قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ، يول توسقۇچىلارنى چامىسىغا قاراپ رازى قىلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ خۇشاللىق ئىچىدە خوشلىشىپ، يول بويى يېقىلغان 5

—6 گۇلخاننى ئاتلاپ نەغمە-ناۋا بىلەن قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ يولىغا راۋان بولىدۇ. يىگىت تەرەپ ئۇلارنى ئالدىغا چىقىپ ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۈتۈۋالىدۇ. ھاردۇق ئېشى تارتىلىدۇ. ئاندىن يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى-دىن بىرەرسى چاچ چۇشۇرگىلىك قىلىپ بېرىدۇ. چاچ چۇشۇرگىلىككە يىگىتلەرلا ئەمەس، قىزىلارمۇ ئوخشاشلا قاتنىشىدۇ. تويىنىڭ تاماشىلىرى قىز تەرەپتە قانداق بولغان بولسا، يىگىتنىڭكىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. تون نىسپىدىن ئۆتكەندە يىگىت بېشى يىگىتنى ئايرىم ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ ئالاھىدە تاماق-لاندۇرىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يەڭگە ۋە يىگىت بېشى قىز-يىگىتكە ئەر خوتۇنچىلىق رەسمىيەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ. مۇھىم ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، قىز يەڭگىسى ئۈچۈن يىگىت تەرەپتىنمۇ، قىز تەرەپتىنمۇ بىردىن چوكان تەيىنلىنىدۇ. يىگىت بېشى يىگىتنى ھۇجرىغا يىگىتنىڭ ئوڭ پۇتىنى باستۇرۇپ كىرىپ ماڭدىدا قاراپ تۇرىدۇ. يەڭگىلەر ئورۇن-كۆرپىنى قاتمۇ-قات سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستۇنلۈك تالىشىپ چېلىشقا چۈشىدۇ. ئەگەر چېلىشتا قىز تەرەپنىڭ يەڭگىسى يەڭگەن بولسا، يىگىت تەرەپ ئۇنىڭغا رەخت-پۇچۇق، مېۋە-چېۋىلەرنى پەتنۇسقا سېلىپ بېشىدىن ئۆرۈپ ئىككى قوللاپ ئېھتىرام بىلەن تۇتىدۇ. ئەكسىچە بولسا، قىز تەرەپ تەييارلايدۇ. بۇ خىل قىزىقچىلىق ئاخىرلىشىپ كۈلكە-چۇقان بېسىلغاندىن كېيىن، يىگىت بېشى يىگىتنى باشلاپ قىز يوتقىنىنىڭ قارىسىنى دەسسىتىپ ئۆتۈپ تۆشۈككە كىرگۈزۈپ، قىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغۇزۇپ، قىزنىڭ ئوڭ قول بارمىقىنى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ: ئامانەت تېگىلدى، خوش ئەمسە، دەپ سەل يىراققا داجىيدۇ. قىز يەڭگىلىرى ئىككى پەتنۇسقا ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەرنى تولدۇرۇپ، يەڭگىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، قىز يىگىتنىڭ بېشىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەتىسى قايسى تەرەپنىڭ يەڭگىسى بۇرۇن تۇرۇپ كەتسە مېۋىلەرنى شۇ ئالىدۇ. باشقا كىشى تەگمەيدۇ. قىز-يىگىت ئۆز ئارا مۇڭدىشىدۇ. ۋاقىت يەتكەندە يىگىت قىزنىڭ بېشىدىكى پۈركەنجىسىنى ئېلىۋېتىدۇ. قىز يىگىتنىڭ باش كىيىمىنى ئالىدۇ. بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىدۇ ھەم ئۆتۈكىنى تارتىپ قويىدۇ.

تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يۈز ئاچقۇ بولىدۇ. يۈز ئاچقۇ باشلىنىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاياللىرى توپلىشىپ چۆچۈرە تۈگىدۇ. چۆچۈرىنى سەھەردە قىز-يىگىتكە يېگۈزگەندىن كېيىن، قالدىسىنى قىز-يىگىتنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يەيدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ جامائەتلىرى جەم بولغان-دىن كېيىن، ئۆيمۇ ئۆي چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەممە جامائەتكە داستىخان سېلىنىپ ئاش تارتىلىدۇ. ئاندىن قىز يەڭگىلىرى قىزغا توي كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى بوينى-قۇلىقىغا ئېسىپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، يۈز ئاچقۇ بولىدىغان دالان ئۆيىنىڭ تۆرىسىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزىدۇ. قىزنىڭ يەڭگىلىرى قىزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ. قىز-يىگىتنىڭ موملىرى، ئانىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرى لايىقىدا ئورۇن ئالىدۇ. تۆرىگە شىرە قويۇلىدۇ. ئالدى بىلەن قىزنىڭ قېيىنئانىسى بىر چىنە سىنچاينى پەتنۇسقا سېلىپ قىز يەڭگىسىگە ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. قىز يەڭگىسى سىنچاينى ئېلىپ قىزغا دوملاپ ئىچكۈزىدۇ. ئاندىن يىگىت تەرەپ تەييارلىغان باش، ئاياغ، كىيىم-كېچەك، ئۇپا-ئەڭلىك، ئەينەك...

قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر قانچە پەتنۇسقا سېلىپ ئېلىپ كىرىپ شىرە ئۈستىگە قويىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى ياكى مومىسى بىللە ئورنىدىن تۇرۇپ: «خېنىم بالامغا كىچىككىنە» دەپ تەكەللۇپ قىلىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى، مومىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: «قۇدىلارغا رەھمەت، كۆپ جۇۋاپتىلا» دەيدۇ. ئارىدىن بىر ئايال تۇرۇپ:

ئاچمىغان قاپاق،
چاقمىغان ياڭاق.
ئايلا بالام ئۆيگە كەلدى،
تولۇن ئايدەك ئاپئاق.

ئەتىگەن قوپار بولغاي،
تۈگۈلۈك ئاچار بولغاي.
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغاي،
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي.

دېگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئايلا مومىسغا رەھمەت، دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ.
يەنە بىر موماي ئورنىدىن تۇرۇپ:

بەلچە ئىللىقلىق بولغاي،
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
چىللىدا كاللىق بولغاي.
كۆل ئالسا كومۇش بولغاي،
ئوت ئالسا ئالتۇن بولغاي.
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك،
روشەن بولغاي.
ئالدىدىن ئاي چىققاي،
كەينىدىن كۈن چىققاي.
ئۈچى ئۇزارغاي،
تۆۋى يېيىلغاي.
قۇدۇققا تاش سالغاندەك بولغاي،
مېھرى-مۇھەببىتى دەريادەك ئاققاي.
رىسقىسىنى كەڭ قىلغاي،
بەختى دۆلىتى چوڭ بولغاي،
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي.

مەن خېنىم بالاملارنىڭ توينى مۇبارەكلەپ شۇنچىلىك بېيىت ئېيتقىدەكمەن، مېھمانلارغا رەھمەت، دەپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.
كۆپچىلىك: «ئاپئاق مومىسغا ھەشقاللا» دەپ تۇۋلايدۇ. ئارىدىن يەنە بىرسى تۇرۇپ: «قېنى ئەمسە قۇدىغۇيلارمۇ بالىمىزنىڭ كۆركىگە ئاتاپ بېيىت ئېيتىپ بەرگەي» دەپ تۇۋلايدۇ. كۆپچىلىك: «قېنى ئەمسە قۇدىغۇيلار» دەپ بىردەك تۇۋلايدۇ. ئىككى قۇدا ئۆزئارا ئۆزلىرىدىن كەلسۇن دېسە، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن دەپ، ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن، قائىدە بويىچە قىزنىڭ ئانىسى ياكى تۇغقانلىرىدىن بىرسى بېيىت ئېيتىدۇ:

ئىچ ئورۇكنىڭ ئىچ مېغىزىنى
ئۈچ يىل ساقلىدۇق.
دوپپىمىزنىڭ چېچىكىنى
گۈل دەپ ساقلىدۇق.
ئەل-خالايىق تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدۇق.
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.
ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۆمۈچ سەپتۇ چىرايلىق.
ھەممە خەقنىڭ ئارىسىدا،
خېنىم بالام چىرايلىق.
سېرىق زەپەر ئاچىلىپتۇ،
سەھەرنىڭ ۋاقتىدا.
قىزىلگۈللەر ئاچىلىپتۇ،
باھارنىڭ ۋاقتىدا.
بىز ئىككىلەن توي قىلدۇق،
خۇيمۇ ئوبدان ۋاقتىدا.
ئىككى بالام ئۆمرى ئۆتسۇن،

ئالتۇن-كۈمۈش تەختىدە.

بۇ چاغدا كۆپچىلىك: «رەھمەت» دەپ توۋلايدۇ.

ئوغۇل تەرەپ:

بىزمۇ ئوغۇل چوڭ قىلدۇق،
موللا ئالىم.
خېنىم بالام تۇلۇن ئايىم،
كېچە-كۈندۈز تىلىۋىدۇق،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.
بازارلادىن ئات ئالدۇق،
ساغرىسى ئالا.
يۇقىرى مەلىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.
بىرى لەڭخار، بىر جۇخار،
قاملىشىپ قالار.
يېپىشىپ قالار.
تاغدىن چۈشتى تاغ ئېيىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
بىر-بىرىگە خوپ لايىق.
ھەيران قالسۇن خالايىق.

كۆپچىلىك: «رەھمەت» ئېيتىدۇ.

قىز يەڭگىسى قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ.

كۆپچىلىك مۇبارەك سۆزلىرىنى قىلىشقاندىن كېيىن، ھېيىزلارنىڭ سازىغا تەڭكەش قىلىپ، كۈندۈزلۈك مەشرەپ داۋاملىشىدۇ. قىز-يىگىتلەر گۈلەڭگۈچ ئوينايدۇ. قارىغا ئېتىش، چېلىش ۋە بەيگە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇتۇپ چىققانلىرىغا ھەر ئىككى تەرەپ مۇۋاپىق شالق باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن-تاماشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جامائەتلىرى ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. قىز تەرەپتىن ئىككى ئەر، ئىككى ئايال ئەر قۇدىلارنى 3-كۈنى بارلىق تۇغقانلىرىنى ئېلىپ قۇدا چىللاشقۇسىغا قاتنىشىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىپ قايتىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا ئۆز مەيلىچە تەييارلىق قىلىپ تاماق ئېتىدۇ. بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماقلىنىدۇ، ئۆزئارا تونۇشىدۇ. چىللاشقۇدا يىگىت تەرەپ ئۆزلىرى تاماق يېگەن قاچىلاردىن تۇيدۇرماي تىقىۋالىدۇ. قىز تەرەپ ئۇنى بېيىت ئېيتىپ قايتۇرۇپ ئالىدۇ. يۇقىرىقى رەسمىيەتلەر يىگىت تەرەپ 4-كۈنى قىز تەرەپنى چاقىرغاندا ئوخشاشلا تەكرارلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي ئاخىرلىشىدۇ. دېمەك، قۇمۇل تاغلىقلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىرقەدەر گەۋدىلىك ۋە ئۆزگىچە بولغان بىر خىل ئاممىۋى سەنئەت مۇراسىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق. ئۇنىڭدا تاغ خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى شۇنىڭدەك ئەخلاق-پەزىلىتى، دۇنيا قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە مۇجەسسەملەنگەن. قۇمۇل تاغلىقلىرى تولىمۇ مېھماندوست ۋە سەنئەتخۇمار خەلق. قەدىمىيلىككە ۋە مىللىيلىككە ئىگە بولغان تاغلىق خەلقلەرنىڭ توي-تۆكۈن ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى جۈملىدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھاياتىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادىنى، قىزىقىشىنى ۋە سەنئەت خەزىنىسىنى قېزىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئىلى ۋىلايىتى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

(ئۆز خەۋىرىمىز) 7-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر سۆھبەتكە قاتناشتى ھەمدە ئىلىدىكى ھەر قايسى سىستېمىلار، ناھىيە-شەھەرلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ قوللىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ۋەتىنىمىز سەنئەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان قىممەتلىك، بىباھا گۆھەر. ئۇ مۇزىكا، ئەدەبىيات، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە قاتارلىق كۆپ خىل تىل ۋە سەنئەت شەكىللىرىنى قوللىنىپ، قەدىمقى دەۋر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غايىسى، ئىنتىلىشى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغان شاد-خۇراملىقى، غەزەپ-نەپرىتى، قايغۇ ۋە خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئەنئەنىۋى مۇزىكا، نەغمە، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئەلنەغمە، ئۇسسۇل قاتارلىقلار بىلەن بىر گەۋدە قىلىنغان، لىرىكىلىقلىقى ۋە بايانىي خاكتېرلىكلىكى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ خىل مۇزىكا شەكلى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئەت تارىخىدا ئۆزىگە خاس شەكىل بولۇپ تەڭداشسىزدۇر.

مىجىت ناسىر مۇنداق كۆرسەتتى: ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىلمىي، تارىخىي، ئەدەبىي، سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىدىكى زور تۆھپىسى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا شەرىپى بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى. ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتىنى قوللاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، يېقىندا «ئۈچ بىرلىك» مۇقام توپلىمى ھەم بەش سىزىقلىق نوتا، تېكىستلەر ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە بىر يۈرۈشلۈك 12 توپلام قىلىپ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ «5-بەش يىللىق» پەن-تەتقىقات پىلان تۈرىنىڭ بىرسىنىڭ تاماملىنىشى بولۇپلا قالماستىن، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنىڭ تۇنجى قەدىمى. بۇندىن كېيىن يەنە ئون ئىككى مۇقامغا ئالاقىدار 20 كىتاب نەشر قىلىنىدۇ. مۇقام ئۈچۈن 12 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى سۈرەتكە ئېلىنىدۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن 30 كىتاب ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان 10 كىتاب رەتلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. بۇ بىر مۇشەققەتلىك ۋەزىپە، شۇڭا كۆپ مىقداردا مەبلەغ سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، ھازىر دۆلىتىمىز مالىيىسىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈۋاتقان ۋاقىتتا ھەممىدە مالىيىنىڭ پۇل ئاجرىتىشىغا تايىنىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمىز، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا توغرا كېلىدۇ.

مىجىت ناسىر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتىمىن يۈسۈپلەر سۆھبەتكە قاتناشقان ئالاقىدار سىستېمىلار ۋە

ناھىيە-شەھەر رەھبەرلىرىگە يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» توپلىمىنى تەقدىم قىلدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەخمەتبېك رىياسەتچىلىك قىلدى. سۆھبەتكە يەنە ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زۇنۇن، يېزا ئىگىلىك 4-شى، غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، كان-مېتاللچىلىق ئىدارىسى، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

(«ئىلى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1994-يىل 6-ئاۋغۇست سانىدىن ئېلىندى)

## ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا تاشلانغان زور بىر قەدەم

(ئومۇمىي سۆھبەتلەردىن خاتىرە)

ئوسمان سېلىم

1

شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۈلتاجى، گۆھىرى دەپ ئاتالغان ئون ئىككى مۇقام مەدەنىيەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك تارىخىي مىراسى. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان-شەرىپى، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ غۇرۇرى. ئون ئىككى مۇقام جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان بىباھا گۆھەر. ئۇ ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە شاھانە قامۇس. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ شانلىق تارىخىي مەدەنىيەت مىراسىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تەۋەررۈك مىراسلىرىنى قەدىرلەيدىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. شۇڭا قۇرۇلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى فوند ھەيئىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت دېيىلىدۇ) ئۆز ئەتراپىغا 365 نەپەر ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلارنى جەم قىلىپ، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى جىددىي قولغا ئېلىپ، ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە شانلىق بىر قەدەم تاشلىدى.

ئوچۇق ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغان ئىككى يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللىشى، يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈپ، ئىككى چوڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ياراتتى. بىرى، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئىختىيارىي ئىئانە قىلغان پۇلدىن 1 مىليون 321 مىڭ يۈەن توپلىدى؛ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىسىدىن ئون مىڭ نۇسخا نەشر قىلدۇردى؛ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىشلەپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ۋە سەنئەت ماھارىتىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ تەشۋىق قىلدى؛ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر

32 كىتابىنى يېزىپ چىقىپ، نەشرگە تەييارلايدىغان 51 ئاپتور بىلەن توختام تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات خىراجىتىنى بەردى؛ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن 12 كىتاب چىقىرىش ئۈچۈن ئىلمىي جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭ خەلقئارا نوتىسىنى ئىشلەپ چىقتى؛ ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى ئامانىنسانىڭ ھەيكىلىنى ۋە قەبرىگاھىنى قاتۇردى ۋە يەكەن تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئون ئىككى مۇقامغا دائىر تارىخىي خاتىرە كۆرگەزمە ئاچتى. يەنە بىرى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر تۈركۈم ئالىي تەھرىر، كومپوزىتور، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ جاپالىق ئىزدىنىش، ئەستايىدىل بولۇش، كۆچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئاجايىپ ئەجىر-مېھنەت سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەر بىرىگە خەلقئارالىق نوتىسى، قايتا رەتلەنگەن تېكىستى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن 12 كىتابىنى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ ئەلۋەتتە ھەممىمىز خۇشال بولۇشقا، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان زور ئىش. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، بۇ 12 كىتاب ئەسلىگە سادىق بولۇش، ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا ئىشلىنىپ، ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى، ناۋايى، شەيخ سەئىدى، مەشرەپ، ھۆۋەيدا، سەئىدى، رەشىدى، نەفىسى، قىدىرخان، ئەرشى، زەلىلى، نۆبىتى، گۇمنام، قەلەندەر، مەشھۇرى، نىيازى، زەھورى، نىزارى، سادايى، موللا بىلال قاتارلىق 28 نەپەر ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ نادىر نەزمىلىرى بىلەن تولۇقلانغان ھەمدە ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنىپ، خەلقئارالىق نوتا بىلەن نوتىلاشتۇرۇلغان، خەلقئارالىق نوتا بەلگىلىرى ئون ئىككى مۇقام كۈي بەلگىلىرىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەشكە يار بەرمىگەن يېرىم ئاۋازغا ئوخشاش نازۇك يەرلەرگە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئالاھىدە ئاھاڭ بەلگىلىرىنى ئىشلەپ، ئىزاھات بەرگەن. بۇ 12 كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، خەلقئارا نوتا بىلىدىغانلىكى ھەر قانداق كىشى، مەيلى ئۇ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر مۇقام كىتابىنى قولىغا ئېلىپ چالسىلا، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شېۋىلىرى تولۇق ئەكس ئېتىدۇ.

بۇ ئىككى جەمئىيەت بۇ يىل ئىچىدە ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە 20 كىتاب بار، ھازىر بۇ يىل ئىشلىنىدىغان بۇ 20 كىتابنىڭ 13 پارچىسى يېزىلىپ ئىلمىي جەمئىيەتكە تاپشۇرۇلغان. بۇ 13 كىتابنى نۆۋەتتە 28 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس كۆرۈپ نەشرگە تەييارلىماقتا، قالغان يەتتە پارچە كىتابمۇ جىددىي ئىشلىنىپ، يىل ئاخىرىدا جەمئىيەتكە تاپشۇرۇلماقچى. بۇ كىتابلار ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىككى كىتاب بار، بىرى، تۇرداخۇن ئاكا قاتارلىق ۋاپات بولۇپ كەتكەن 110 نەپەر مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامغا سىڭدۈرگەن ئەجىر-مېھنىتى، قان-تەرى شەرھلىنىدىغان كىتاب؛ يەنە بىرى، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋ قاتارلىق ھازىر ھايات تۇرۇۋاتقان 70 نەچچە نەپەر مۇقامچى، ئاتاقلىق ناخشىچىلارنىڭ 12 مۇقامنى بېيىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۆلمەس ئەمگىكى كۆرسىتىلىدىغان كىتاب. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككى كىتاب 12 مۇقامدىن ئىبارەت بىزنىڭ مۇقەددەس مەدەنىيەت مىراسىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر ئالاھىدە ئىش شۇكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ يىل ئىچىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر 40 كىتاب ئىشلەيدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى ئون تومى خەنزۇ يېزىقىدا ئىشلىنىشكە تاپشۇرۇلدى. بۇنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يەتتە نەپەر خەنزۇ ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى قولغا ئالدى. بۇ ئون كىتاب ئۇيغۇر قەدىمقى يېزىقى بەرپا قىلىنغان دەۋردىن چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە (20-ئەسىر) بولغان دەۋردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قالغان 30 كىتاب ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى بارلىققا كەلگەن دەۋردىن چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر بۇ 30 توملۇق كىتابنىڭ ھەممە ماتېرىياللىرى تولۇقلىنىپ بولۇندى ۋە 8-ئاي ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىشلەش ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ 40 توم كىتاب ئۆز نۆۋىتىدە ئېنگلىز تىلى قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنياغا تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بۇ يىل 9-ئايدا مەكىت ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىم دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 10-ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇلار بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىنىڭ 1-، 2-قىسمى. بۇندىن باشقا «دولان مۇقامى ھەققىدە» دېگەن كىتاب يېزىلىپ پۈتتى ھەمدە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئومۇمىي تارىخى ۋە ملودىيە تەرەققىيات تارىخى» دېگەن كىتابمۇ يېزىلىپ بولۇندى. بۇلار بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى. يات ئارىدا يەنە قەدىمقى زامان، يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقام بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان جەريانى تەپسىلىي كۆرسىتىلىدىغان بىر كىتاب ئىشلەنمەكچى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر 72 كىتابنىڭ 1-تومى مۇقەددىمە بولۇپ، ئۇنىڭغا بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ نام-شەرىپى يېزىلىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە بېسىلىدۇ ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. يەنە بىر خۇشاللىنارلىق ئىش شۇكى، ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە نادىر ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن داڭ چىقارغان يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» دېگەن كىتابنىڭ ئىلمىي نەزەرىيە قىسمىنى ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېزىپ تاماملىدى، نۆۋەتتە، بۇ كىتابنىڭ سەنئەت قىسمىنى مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئىشلەپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەكچى. بىزگە بۇلارلا كۇپايە قىلمايدۇ، ھازىر نەشر قىلىنغان ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت 12 كىتابنىڭ ئەسلىگە سادىق بولغان ئاساستا 12 تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلىنىدۇ ھەمدە ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ماتېرىيال مەركىزى تەسىس قىلىنىدۇ. چۈنكى، خەلق ئىچىدە ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشقا دائىر نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بايلىق، شۇنداقلا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك قوليازمىلار ۋە ھايات تۇرۇۋاتقانلار يادا بىلىدىغان تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر يەنىلا كۆپ. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار 5000 پارچىدىن ئاشىدۇ، بۇنى خەلق ئارىسىدىكى بايلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ قىسمەنلىكتىنلا ئىبارەت. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھازىر ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 17 دۆلەتنىڭ

بوستون، توكيو، بېرلىن، ھامبورگ، لېنىنگراد قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى 32 تەتقىقات ئورنىدا بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي مىراسلىرىمىزغا ئائىت 27 مىڭ جىلدلىق قولىيازمىلار ساقلانماقتا. بىز بۇ مەدەنىيەت تارىخىي مىراسلىرىمىزنى ئىجتىمائىي، ئىلمىي، ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىمىزدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ چەت ئەللەرنىڭ ئىلمىي تەشكىلاتلىرىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ئالماشتۇرۇش، مۇناسىۋەت قىلىش يولى بىلەن ئالالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ كېتىدۇ. بۇنى پەقەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، خالاس.

2

ئىلى رايونى ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئاپىرىدە بولغان ئانا ماكانلاردىن بىرى. تارىختا، ئون ئىككى مۇقام 1-قېتىم ئىلىدا سەھنىلەشتۈرۈلگەن، ئىلىدا تۇنجى قېتىم «غېرىپ-سەنەم»گە ئوخشاش خەلققە پىششىق تونۇش درامىلار سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ناخشىلار يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ ئېيتىلىشقا باشلىغان. ئىلى رايونىدىن پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى، شەرق مەدەنىيەت تارىخى پەخىرلەنگىدەك مۇقام پېشىۋالىرى، چالغۇچىلار، كومپوزىتورلار، سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىققان ۋە چىقماقتا. ئەنە شۇنداق مۇقامچى ۋە مۇقامشۇناسلاردىن بىرى، شىنجاڭ مۇقام ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازلىق ئاتاقلىق ناخشىچىسى، مەملىكەتلىك 1-دەرىجىلىك كومپوزىتور غىياسىدىن بارات بىر يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان مېلودىيىلىك ئىلمىي سىستېمىسى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى كۆتۈرۈپ ئىلىغا يېتىپ كەلدى. بۇ كىتاب ئىلىدىكى شائىر-يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار، پېشقەدەم مۇقامشۇناسلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇلۇپ ئەتراپلىق پىكىر ئېلىندى. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئازادلىقتىن كېيىن، يەنى 40 يىلدىن بېرى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى قىسمىنى ئىشلەش بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمىدى. 1993-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن مۇدىرىيەت ئەزالىرى يىغىنىدا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە، تارىخىي تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيەتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى مەتمىن يۈسۈپ بىرىنچى بولۇپ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇندىن كېيىنلا ئاتاقلىق مۇقامشۇناس غىياسىدىن بارات بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، خەلق ناخشىلىرى ئون ئىككى مۇقامسىز تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن ئەمەس. بۇ، ئىلمىي دىئالېكتىكلىق ئەمەلىيەت. شۇڭا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان مېلودىيىلىك ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىنچىكە، دەل، ئىلمىي تەھلىل-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى خەلققە قايتا تاپشۇرۇش ھەمدە دۇنيا ئەپكار ئاممىسى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتۈرۈش ھەقىقەتەن مۇشكۈل بىر ئىش. مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، چوڭ كىچىككە كىرگەن غىياسىدىن بارات ئۇستازى

روزى تەمبۇر ئورۇنلىغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى قىسمىنى قايتا-قايتا ئېيتىش، ئىنچىكە تەھلىل-تەتقىق قىلىشنى ئۆزى شۇ قەدەر پىششىق بىلىدىغان ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىكى مىلودىيىلىك سىستېمىلار بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىشنى زۆرۈر تاپتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاتا-بوۋىلار ئۆز ناخشىلىرىدا شۇ زامان، شۇ ماكان ئەھۋالىغا قاراپ، زۆرۈر تېپىلغان ئورۇنلاردا ھەرخىل مەزمۇندىكى بېيىت-قوشاقلار ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا ناخشىلار، ئاھاڭلار، مۇزىكىلار شۇ تەلەپكە ئۇيغۇن ئېيتىلىپ، ئورۇنلىنىپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق يەنە ئۆز ناخشىلىرىنى قايتا سىستېمىلاشتۇرۇپ، رەتلەپ، مۇستەھكەملەپ، تۆت-بەش ناخشىنى بىر كالون قىلىپ ئېيتىشنى ئىجاد قىلىشقان، كېيىنچە، يەككە ئېيتىش، بىرلىشىپ ئېيتىش، دۇتار بىلەن ئېيتىش، تەمبۇر بىلەن ئېيتىش، دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا بىلەن ئېيتىش، ئومۇمىي ساز بىلەن ئېيتىشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان. شۇڭا بىزنىڭ خەلق ناخشىلىرىمىز مەڭگۈ ئۆلمەس ناخشىلارغا ئايلىنىپ خەلق ئارىسىغا سىڭگەن ۋە تاكامۇللاشقان. لېكىن، بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، ئون ئىككى مۇقامنىڭ كۆپ بەلگىلىرى بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىكى كۆپ بەلگىلەرنى، رىتىم، ئۇدار، تېمپا جەھەتتىكى ئوخشاشلىق تەرەپلەرنى بۈگۈنكى ئىلمىي ئاساس، ئىلمىي تەرەققىيات ئاساسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر، سىستېمىلىق، ئىلمىي شەرھلەش دەۋرنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. ئەمەلىيەت كۆرسەتتىكى، مەيلى بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان خەلق ناخشىلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئازادلىقتىن كېيىن كومپوزىتورلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ناخشىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئون ئىككى مۇقام بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ باغلانغان. مەسىلەن: غىياسىدىن بارات ئۆزىنىڭ بىر يېرىم يىللىق ئىلمىي تەتقىقاتى جەريانىدا «غۇنچەم» دراممىسىغا ئىشلىگەن «مەن كېتەر بولدۇم يارىم» دېگەن ئاھاڭى خەلق ئاھاڭلىرىغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى خەلق ناخشىلىرىغا كىرگۈزگەن ھەمدە مەرھۇم ئابلىزخان ماموتنىڭ «ئايەي» دېگەن ناخشىسىنىڭ «ئاھ، ھېكىم»، «چوڭ ئانارخان» ناخشىلىرىدىن تۈرلىنىپ چىققانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇنىمۇ خەلق ناخشىلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن. غىياسىدىن بارات ئۆز كىتابىنىڭ مەزغۇللار سىستېمىسىغا كەلگەندە، ئاتاقلىق چالغۇچى، كومپوزىتور، مۇقامشۇناس مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتانىڭ «رۇخسارى» مۇقامىنىڭ ئىجادىي خەلق ناخشىلىرى رىتىمىنىڭ ئاخىرىغا، يەنى تامامىلىنىش قىسمىغا ئۆزىنىڭ 1956-يىلى ئىشلىگەن «باھار خوشاللىقى» دېگەن مۇزىكىسىنى مەزغۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. بۇندىن باشقا «سىگاھ» مۇقامىنىڭ «يار سېنىڭ دەردىڭ يامان» دېگەن يۇرۇشىگە كەلگەندە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئاتاقلىق چالغۇچىسى، مەملىكەتلىك 1-دەرىجىلىك كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللانىڭ «بىزنىڭ ناخشىمىز» دېگەن ناخشىسىنى مەزغۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. بۇندىن باشقا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى، ئاتاقلىق دۇتارچى مۇساجان روزىنىڭ 1954-يىلى مەرھۇم ل. مۇتەللىپ نامىغا ئىشلىگەن «لۇتپۇللا» دېگەن ناخشىسىنى «سىگاھ» مۇقامى «يار سېنىڭ دەردىڭ يامان» يۇرۇشىگە ناخشا قىلىپ ئىشلەتسە، پېشقەدەم چالغۇچى، مەملىكەتلىك 1-دەرىجىلىك كومپوزىتور قۇربان ئىبراھىمنىڭ «كۆن ۋە تۈندىن ئارىيە» دېگەن مۇزىكىسىنى «ئىراق» مۇقامىنىڭ «ئاھ ئۇرارمەن» يۇرۇشىگە سەپلىگەن، شۇنداقلا

پېشقەدەم سازەندە قۇربان ئۆمەرنىڭ بىر مەرغۇلىنى «بايات» مۇقامى «ۋەدارىخا» يۈرۈشىگە «2-جازايىر» دېگەن نام بىلەن مەرغۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. دېمەك، يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان ناخشا-مۇزىكىلار گەرچە ئىجادىي ناخشا-مۇزىكىلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆي شەكلى، تېمپا ئالاھىدىلىكى ئون ئىككى مۇقامنىڭ (ئىلى ۋارىيانتىنىڭ) كۆي شەكلى ۋە تېمپا ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ۋارىيانتلاشتۇرغان. بۇنداق قىلىش ئون ئىككى مۇقامنى جۇلالاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە.

غىياسىدىن بارات بۇ قېتىم مۇھاكىمىگە سۇنغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان مېلودىيىلىك ئىلمىي سىستېمىسى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىغا يەنە 17 رېتىمسىز ئاھاڭ، شۇنداقلا «ئىلى سەنىمى» ۋە باشقا خەلق ناخشىلىرىدىن بولۇپ 20 ئاھاڭنى رەتلەپ كىرگۈزدى. شۇنداقلا يەنە «راك»، «چەبىيات»، «مۇشاۋەرەك»، «چارىگاھ»، «پەنجىگاھ»، «ئۆزھال»، «ئەجەم»، «ئۇشاق»، «بايات»، «ناۋا»، «سىگاھ»، «ئىراق» مۇقاملىرىنىڭ ھەر بىرىگە تېمپا ۋە مېلودىيىسى يېقىن كېلىدىغان «خانلە يىلۇن»، «لە يىلۇن»، «دەردىڭ يامان»، «گۈل قىسقان مېنىڭ يايرىم»، «كوچا ناخشىسى»، «گۈلە مخان»، «ئاھ يايرىم گۈللە يىلۇن»، «بىز ئاتلاندۇق»، «ۋادەرىخا»، «ئۆركىلەي»، «يار سېنىڭ دەردىڭ يامان»، «ئاھ ئۇرارمەن» قاتارلىق 12 يۈرۈش ئىلى خەلق ناخشىسىنى ھەممىدە ھەربىر مۇقامغا يەنە بىر قانچىلىغان ناخشىنى كىرىشتۈردى ۋە بىردىن مۇزىكىنى مەرغۇل قىلىپ سەپلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يازغان كىتابقا 111 ئاھاڭ، 12مەرغۇل، نەچچە يۈز مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلۈپ، مەزمۇن تېخىمۇ بېيىتىلدى ۋە باشقىلار. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى نايىسبىر مۇقامنىڭ باشلانمىسى «د» بىلەن باشلانسا، ئۇنىڭ ئاخىرىمۇ «د» بىلەن چۈشۈرۈلىدۇ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا ئەنە شۇنداق روشەن خۇسۇسىيەت بار. مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ۋە تارىخىي ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، بىر پۈتۈن خەلق ناخشىلىرىغا قانداقتۇر بىر ئىلمىي سىستېمىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى ئېنىق. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، بىر مۇقامنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىككى سائەت، ئون ئىككى مۇقامنى ئورۇنلاش ئۈچۈن 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. بىر مۇقامنىڭ تاكتى قەيەردە ئۆزگەرسە، يەنە بىر مۇقامنىڭ تاكتىمۇ دەل شۇ يەردە ئۆزگىرىدۇ. مۇقاملاردىكى بۇ خىل ئوخشاشلىق شۇڭا 9/8، 8/8، 7/8، 3/8 قاتارلىق مۇرەككەپ تېمپلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. لېكىن، بىزنىڭ چالغۇچىلىرىمىز ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ تېمپلارنى نوتىغا قارىماي تۇرۇپمۇ بىمالال ئورۇنلايدۇ ۋە رېتىمدىن قىلچە چەتنىمەيدۇ. دېمەك، ئون ئىككى مۇقام ۋە بىر پۈتۈن خەلق ناخشىلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ھازىرغىچە يېشىلمەي كېلىۋاتقان نوتىدەك بىر سىر بار، بۇ بىر ئىلمىي قىياس، لېكىن بۇنى دەلىللەيدىغان ئىلمىي ئاساس ھازىرچە كەم. خەلقئارا تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا ھەيران قېلىشىدىكى سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

3

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

فوندى ھەيئىتىدىكى مەتتىمىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۆلتۈردىن بېرى ئىلىغا كېلىپ، ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىدىن ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە كۆمۈلۈپ ياتقان بىباھادۇر-گۆھەرلەرنى قېزىپ، رەتلەپ چىقىشقا ئىختىيارىي ئىئانە توپلاش ئىشىنى باشلىغانىدى. شۇ چاغدا ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى ۋاڭ بولياڭ غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ۋەكالىتەن 1 مىليون يۈەن ئىئانە توپلاپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى. بۇ يىل ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مەھەممەتجان ئەمەتمۇ ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئايرىم يىغىن ئېچىپ، ئالدىنقى يىلى قارار قىلىنىپ تارقىتىلغان مۇشۇ ھەقتىكى ھۆججەتلەرنىڭ يەنىلا كۆڭۈلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىختىيارىي ئىئانە توپلاپ بېرىش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زۇنۇن قۇتلۇق ھازىر مالىيىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ئىلى ۋىلايىتىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆپلەپ قېزىشىمىزغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

7-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئاچقان سۆھبەت يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىلمىي، تارىخىي، ئەدەبىي، سەنئەت قىممىتىگە ئىگە». ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا شەرىپى بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەرىپى ۋە ئىپتىخارى. ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتىنى قوللاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى مۇشەققەتلىك ۋەزىپە. بىراق، ھازىر دۆلىتىمىز مالىيىسىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈۋاتقان ۋاقىتتا، ھەممىدە مالىيىنىڭ پۇل ئاجرىتىشىغا تايىنىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمىز، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، مىللىتىمىزنى ئۇزاق يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدىكى شانلىق نامايەندىلەرنى، بىباھادۇر-گۆھەرلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ قېزىپ، چوڭقۇرلاپ تەھلىل-تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي، سىستېمىلىق شەرھلەپ، مىللىتىمىزگە قايتا تاپشۇرۇش، جۈملىدىن جاھان ئەپكار ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مەبلەغ كېتىدۇ. بۇنى يالغۇز پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىش يولى بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قەدىرلەيدىغان، ئەزىزلەيدىغان ئالىيجاناب خىسلەتلىك ئاممىنىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ، ئىختىيارىي ئىئانە توپلاپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشلەشتۈرۈپ، خەلقىنىڭ بىزدىن كۈتۈۋاتقان ئاجايىپ ئۈمىدلىرىنى نۇرلاندۇرالايمىز، شانلىق، پارلاق مەدەنىيىتىمىزنى جاھانغا ئەھلىگە تونۇتالايمىز. قېنى، ھەممىمىز تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئىلمىي، سىستېمىلىق بولۇشى ئۈچۈن پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، مەردلەرچە قوللاپ، سېخىيلارچە ياردەم بېرەيلى!

(«ئىلى گېزىتى» نىڭ 1994-يىل 13-ئاۋغۇست سانىدىن ئېلىندى)

# ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن 11- ئايغا قەدەر 1مىليون يۈەن ئىئانە توپلاپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى

8- ئاينىڭ 13- كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە غۇلجا شەھىرى باشلىقى، غۇلجا، قورغاس، نىلقا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، چاپچال ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرى، شۇنداقلا غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى، شىنجاڭ كان مېتاللىچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك 4- شىسى قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات فوندى ھەيئىتىگە ئىئانە توپلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

سۆھبەت يىغىنىدا ۋالىي مەھەممەتجان ئەمەت ۋە مۇئاۋىن ۋالىي ئەخمەتېكلەر سۆز قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتى قۇرۇلغان ئىككى يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت ور تەتجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى ىنمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەرنى ىزىش، رەتلەش، دۇنياغا تونۇتۇشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى ۋپچىلىككە يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. سۆھبەت يىغىنىدا ۋالىي مەھەممەتجان ئەمەت، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قۇربانجان، مۇئاۋىن ۋالىي ئەخمەتېك مەسئۇللۇقىدىكى شۆبە فوند ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھاكىملىرى ئەزالىققا كۆرسىتىلدى ھەمدە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم بۇلتۇر تارقاتقان فوند توپلاش توغرىسىدىكى قارار- ھۆججەتلەر قايتا كۆچكە ئىگە قىلىنىپ، ھەرقايسى ناھىيىلەر ۋە غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق بىرقانچە سىستېما بۇ يىل 11- ئايغا قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىگە 1مىليون يۈەن ئىئانە توپلاپ بېرىش خىزمىتى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە جايلاردىن بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش تەلەپ قىلىندى. سۆھبەت يىغىنىدا تەتقىقاتچى مەتتىمىن يۈسۈپ مەكىت ناھىيە شامالباغ يېزىسىدىكى دېھقان ئابدۇرېشىتنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىئانە ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئاتتە يۈەن پۇلىنى ئورۇقلۇق ئۈچۈن قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنگەنلىك ئىشىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ھاپىز تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئايلىق مائاشىنى فوند ھەيئىتىگە ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئوسمان سېلىم (ئۆز مۇخبىرىمىز)

(«ئىلى گېزىتى» نىڭ 1884- يىل 16- ئاۋغۇست سانىدىن ئېلىندى)

مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىر 12 مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى ھەر جەھەتتىن قوللاشنى تەلەپ قىلدى

## 12 مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر 14 پارچە كىتاب ئالىم، مۇتەخەسسلەرنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلدى

ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى يېقىندا مۇدىرىيەت ئەزالىرى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، 12 مۇقام فوندى ھەيئىتىنىڭ باش مۇدىرى مۇھەممەت ئىسمايىل ۋە 48 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى. يىغىندا 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەتتىمىن يۈسۈپ 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن ھازىرغا قەدەر ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى. يېزىلىپ تەييار بولغان 12 مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت 14 پارچە كىتاب 28 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلدى. ئالىم، مۇتەخەسسلەر بۇ كىتابلارنى سۈپەتلىك چىقىرىش ھەققىدە قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ھەمدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن 110 نەپەر مۇقام پېشۋالىرىغا بېغىشلانغان « مۇقام پېشۋالىرى » ناملىق كىتاب بىلەن ھازىر ھايات 51 نەپەر مۇقامشۇناسنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بايان قىلىنغان « تەگرىتاغ مۇقام ناۋالىرى » ناملىق كىتابنى تېزرەك نەشرگە يوللاش تەكلىپىنى بەردى.

يىغىن ئاخىرىدا مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىر سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: 12 مۇقا تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي قوللىشى، ئىلمىي جەمئىيەت، فوندى جەمئىيەت رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئەجىر سىڭدۇرۇشى، شۇنىڭدەك پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، 12 مۇقام ھەققىدىكى 12 پارچە كىتابنى خەلققە تەقدىم قىلدى.

12 مۇقام شەرق مۇزىكىسىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ چاقناپ تۇرغان بىباھا گۆھىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 12 مۇقامنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەلىبىلىك بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى زىممىسىگە ئالغان بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى، 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەر جەھەتتىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىلھام جاپپار

( « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » نىڭ 1994 - يىل 2 - سىنتەبىر سانىدىن ئېلىندى)

## ئۈرۈمچىدە «ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى

1994-يىلى 20-ئۆكتەبىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىيىتى ئىدارىسىنىڭ يىغىن زالىدا تىلشۇناس، شائىر، تارىخشۇناس، تەرجىمان ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يەتمىش ياشقا تولغانلىقى ھەم ئىلمىي-ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ 52 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ۋە تىل ئىنستىتۇتى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشىدە «ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت، مەدەنىيەت-ئاخبارات، نەشرىيات، تەشۋىقات ۋە تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى رەھبەرلەر، ئالىم-ئەدىب، تەتقىقات ۋە تەرجىمە خادىملىرى ھەمدە ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېقىن ئۇرۇغ-تۇغقان دوست-يارانلىرى بولۇپ 200دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى.

يىغىندا يىغىن ئەھلى قىزغىن سۆز قىلىپ، ئىمىن تۇرسۇننىڭ مىللىي مەدەنىيەت، دەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئەمگەكلىرىنى يۇقىرى باھالىدى ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يازغۇچى قەييۇم تۇردى، خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئوبۇل ئىسلام ئۇنىڭغا تون كەيگۈزدى. ئۆسمۈرلەر شائىرغا گۈل تەقدىم قىلدى. شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى دېكلاماتسىيە قىلىندى. شائىرلار ئۇنىڭغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇشتى. يىغىن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلمىي تەشكىلاتلار، ئالىم-ئەدىبلەر ھەمدە ئىمىن تۇرسۇننىڭ يېقىن دوست-بۇرادەرلىرى يوللىغان تەبرىك تېلېگراملىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

## ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئىلمىي-ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى

كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئىمىن تۇرسۇن 1924-يىلى 10-ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچى شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەن ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۈرۈمچىدە دىنىي ۋە زامانىۋى مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ 18 يېشىدىن تارتىپ مەتبۇئاتتا ئىلمىي-ئەدەبىي پۇبلىستىك ماقالىلەر ۋە كىچىك شېئىرىي ئەسەرلىرى بىلەن كۆرۈنۈشكە باشلىغان. بىلىمگە ۋە چەت تىللارنى ئۆگىنىشكە ھەۋەسلىك بولغان ياش ئوقۇتقۇچى-ئەدىب تېز ئارىدىلا خەنزۇ، ئەرەب-پارس ۋە رۇس تىللىرىدىن ئاساسىي

ساۋاتقا ئىگە بولىدۇ. شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن بىللە، ئەدەبىي ۋەسىقەشۇناسلىق ۋە فولكلور بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، مەنبەلەر ۋە ئەمەلىيەت بويىچە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بارىدۇ.

1950-يىلدىن ئېتىبارەن بارلىق پىكىر-زىكرىنى نەشرىياتچىلىققا بېغىشلايدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تۆرلۈك مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 33 يىللىق نەشرىياتچىلىق ھاياتىدا، تەرجىمە-تەھرىر ۋە تەسنىپ خىزمەتلىرى بويىچە يۈزلىگەن ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يېزىق ئىسلاھاتى، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە بۇ پەنلەرنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن تارىخشۇناسلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ساھەلەردە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلەرنى يارىتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىدۇ. «ھەۋەس»، «سەپەر-سەزگۈلىرى»، «تارىمدىن تامچە»، «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» ناملىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى تەشكىللەش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر ساھەسىدە، «زەللى دىۋانى»، «تارىخ تەبەرى» نى نەشرگە تەييارلايدۇ. «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. خەنزۇچىدىن «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «قىزىل قۇياش»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «غەربكە ساياھەت» (قىسمەن) قاتارلىق رومانلارنى ۋە نۇرغۇنلىغان سىياسىي-تەربىيۋى ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، مەملىكەت سىرتىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تونۇلغان بۇ ئالىمنىڭ نامى «سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار قامۇسى» ۋە «تەرجىمانلار قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن.

ش ئۇ ئا ر 6-، 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ھەم دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ئەزاسى بولغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە فولكلورچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مىللىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئالتايچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. «تارىم»، «بۇلاق»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، «مىراس» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، كەسپىي ئۇنۋانى ئالىي مۇھەررىر.

# 美拉斯

1994年第四期　　（季刊）

（总第34期）　　每季中月20日出版发行


## 主要目录　　Main Contents


人与撒旦……………………………………………………采录者：玉素甫·吾买尔（1）

People and demon ……………………………………collector: Yusup Omar

民怨必有报……………………………………………………采录者：斯依提·祖农（46）

Resentment of people will be vented……………………collector: Seyit Zhunun

善有善报，恶有恶报……………………………采录者：阿布都热衣木·艾力（59）

Good will be rewarded with good, and evil with evil …… collector: Abdireyim Eli

《德艾热达哥》木卡姆简论……阿布都如苏里·阿布都热合曼，阿布来克·阿瓦木斯力木（63）

Something about « Deredah » Mukam……………Abdurusul Abdurahman

浅谈民俗与时代、地域、条件……………………………克比努尔·莫罕默德（32）

Foklore and time, region, condition……………………Kalbunur Muhammet

原始巫术对文学艺术的影响……………………………………热衣拉·达吾提（39）

Influence of original witchcraft to folk literature………………Riyila Dawut

忠实的粗眉人…………………………………………采录者：买买提明·库尔班（17）

Faithful bushy eyebrows man……………………collectot: Memetimin Kurban

关于《克尔米西麻扎》水与森林来历的传说……采录者：阿布都热合曼·麻木提（16）

The water of « Kirmixmazar » and the legend of origin of forest

……………………………………………………collector: Abdurahman Mamut

十一世纪著名民俗学大师玛合木提·喀什噶里…………亚尔莫罕默德·塔依尔（49）

Famous Folklorist of 11 century—Mohmud Kashkar……………Yarmuhammet


哈密山区婚俗……………………………………………………艾力·斯玛义（73）

Wedding custom in mountain area of Hami……………………Eli Simayil




«ماناس» ئېپوسى
خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە-
يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

نۇ • زۇرۇكتۇ فوتوسى









چىراق ئۇسسۇلى

ئابدۇشۈكۈر كېرەم سىزغان

# ميراس

1994-يىل 4-سان (ئومۇمىي 34-سان)

(维吾尔文)

Heritaga Uigur Folk Leterature (Quarterly)美拉斯


« ميراس » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئىتتىپاق يولى 8-قورۇ. تېلېفون: 266174. پوچتا نومۇرى: 830001. ئۈرۈمچى « كۆكتۇر »

... مەركىزىدە تىزىلدى. ... ئېلان قىلىندى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن

تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى ... ئالغان نومۇرى: CN65-1130/1. خەلقئارالىق

نومۇرى: ISSN 004-3829

编辑：《美拉斯》编辑部 ... 新疆维吾尔自治区民间文艺家协会（乌市团结路 8

号）电话：... 木齐市14中印刷厂　发行：乌鲁木齐市邮局　订阅：

全国各 ... 刊号：ISSN ... 邮编：830001　刊号 58-60　定价：2.00元